مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# مىراس

5
2006

ISSN 1004-3829
10>
9 771004 382027



پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى




قوش ئايلىق ژۇرنال 2006 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 97 - سان)

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

بىزنىڭ تۇرمۇش........................ نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

كۆكتىن كۆكلەمگىچە..............................يۇسۇپ ئىسھاق (10)
سەمەرقەنتتىن قومۇلغىچە............................ ئابلىز ئورخۇن (40)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا......................
..................................................ئەخەت سايىم (66)
نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ھاياتى.................. نۇرمۇھەممەت زامان (69)

## ئاتىلار سۆزى

ماقال - تەمسىللەر........................ توپلىغۇچى: نۇرمۇھەممەت زامان (19)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارشى ۋە دەپنە ئادەتلىرى.............. ئەمەر ھوشۇر (21)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى............ ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن كىروران (24)




باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
جاۋابكار مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر، 14 - قەۋەت
TEL: ( 0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
باھاسى 5.00 يۈەن
ئاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## بىزنىڭ ئۆرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت!
## بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت!

### كەچمىش - كەچۈرمىشلەر


كۆلكە داۋانلىرى........................................ ماخمۇت مۇھەممەت (33)


### يورۇق يۇلتۇزلار


مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر..........................................
.................................................. ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ (54)


## 主要目录


我们的生活……………………………乃仔尔霍加．阿不都赛买提(1)
春满人间 ………………………………………玉素甫．依莎克(10)
维吾尔族的生死观与丧葬习俗……………………吾买尔．吾休尔(21)
维吾尔人的第二个故乡…………吾买尔．穆罕默德依明．克鲁兰(24)
笑的历程……………………………………………买合穆德．穆罕默德(33)
从撒玛尔罕到哈密……………………………………阿不力孜．鄂尔浑(40)
教育家的辛劳是我们珍贵的财富…………………………………………
……………………………阿不都秀库尔依明．巴吾东．塔里赫(54)
乃仔尔霍加．阿不都赛买提的生平……………努尔买买提．扎曼(69)


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى ھېسام قۇربان.
پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى


Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor:
Responsible editor: Muhtar Muhammed


جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

## 我们要抢救传统文化
## 我们要保护传统文化
## 我们要弘扬传统文化


主编:
玉素甫．依莎克
副主编:
穆合塔尔．穆罕默德
责任编辑:

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
22# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65－1130/I
Print number abroad: ISSN1004－3829
PostCode : 58 － 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 5¥


www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ تۇرمۇش



نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت

## غالجات يېزىسىنىڭ غەم - قايغۇدىن كېيىنكى خۇشاللىقى

بىزنىڭ غالجات يېزىسىدا، ئىلگىرىدىن بىر كىچىك مەكتىپىمىز بار ئىدى. ئۇ مەكتەپكە يۇرتىمىزنىڭ ھەممە بالىلىرى دېگۈدەك ناھايىتى كۆڭۈللۈك قاتنىشاتتى. 1905 - يىلى بولسا ياش ئۆسمۈر يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە يېڭى بىر ئوي كىرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى يۇرتىمىزنىڭ چوڭلىرى ۋە ياشلىرى بىرلىشىپ بىر مەجلىس ئاچتى. شۇ مەجلىستە بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىپىنى ئاچماققا قارار قوبۇل قىلىندى. بۇ مەجلىستە بولغان ئەپەندىلەر500 -400 سوم ئاقچىمۇ توپلىدى ۋە خەلقلەر كەلگۈسى يىللاردىمۇ شۇنداق ئاقچا بېرىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. ياشلارنىڭ بۇ گۈزەل قارارى كۆپكە بارمىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يۇرتىمىز ئىككىگە بۆلۈنۈشكە باشلىدى. بىر بۆلىكى ياشلار تەرەپ، ئىككىنچىسى كونىچىلار تەرەپ بولۇپ، بۆلۈنگەن تارانچىلار تۆت يىل ئىچىدە نەچچە رەت جاڭجال قىلىپ سوقۇشتى. بىر تارانچى ئۆلدى، بىر قانچىسى تۈرمىگە چۈشتى. دېمەك، بۇ تۆت يىل ئىچىدە مەكتەپكە ياردەم كۆرسەتكۈچى بولمىدى. يېڭى ئۇسۇل مەكتىپى كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ مەكتەپكە ئاقچا بىلەن كۆپ ياردەم بەرگەنلەر كونىچىلار ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇلار بۇ مەكتەپنى ياشلار مەكتىپى دەپ، رەنجىش بىلەن تەتۈر قاراشقا باشلىدى. ياش ئۆسمۈر يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا ھەر يەتتە كۈندە بىر ئۇيۇشۇپ، شۇ مەكتەپنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، كېڭەشلەر ئاچسىمۇ ھېچ ئىش بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تۆت يىل ئىچىدە غالجات تارانچىلىرىنى قاراڭغۇچىلىق بۇلۇتى ياخشىلاپ باستى.

بۇ بۇلۇتتىن ھېچ كىم خۇشاللىق يامغۇرى ياغىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدى. بەلكى، ئەكسىچە، قايغۇلۇق ۋەقە كۈتكەن ئىدى. بېشىمىزغا شۇنداق بىر قايغۇلۇق ھاللار كېلىپ تۇرغاندا، رەھمەتلەر بولسۇن تەڭرىگە، بۇ يىل توساتتىن بىزلەرگە خۇشاللىق يامغۇرى يېغىشقا

باشلىدى. بۇ يامغۇر دەل ئۆز ۋاقتىدا ياققانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ پۇرۇلۇپ، مەيۈسلەنگەن كۆڭۈل چېچەكلىرىمىز ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كونىچىلاردىن ئەڭ خۇراپىي ھېسابلانغانلار تەرىپىدىن بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ ئۈچۈن كونىچىلارنىڭ باشلىقى بولغان توقلەكوف ئۆز ئۆيىنى بەردى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئەڭ يېڭىچىلار ھېسابلاپ يۈرگەن ياشلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ كۆپتىن بېرى يېپىلىپ قالغان مەكتىپى تىرىلدۈرۈلۈپ ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىپىنى ئاچتى. يەنى ياشلارنىڭ باشلىقى سانالماق بولغان تالىپوفنىڭ تىرىشىشى بىلەن بىر رۇسچە مەكتەپ ئېچىلدى. ئۇنىڭدا 25 بالا ئوقۇماقتا. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىرمۇ مەكتىپى بولمىغان بىر يېزىدا بىردىنلا تۆت مەكتەپ ئېچىلىشى ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق ئەمەسمۇ!

ئەي، ئۇلۇغ تەڭرى، ھەممىمىزنىڭ قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىمىز ئېچىلىپ، كۆڭۈللىرىمىزنى بىلىم نۇرلىرى بىلەن پارلات! بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق يېپىغا چاپلاشتۇرغىن.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، 1910 -يىلى، شۇرانىڭ23 -سانى.

## تارانچىلار (ئىلى ۋىلايىتى)

«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 14 -سانى، 1914 -يىلى.

ئاسىيا ئۇستىدە ئالتاغ، قارىتاغ ئاتالمىش تاغلار ئارىسىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ بىر دەريا ئاقماقتا. بۇ ئىلى دەرياسىدۇر. ئىلى ھەقىقەتەن تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك، ئىسمى جىسمىغا ياراشقان شائىرانە بىر جايىدۇر. ئىلى باشتا تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىنىڭ تارىخىي بىر يېرىدۇر. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ پارلاق زامانلىرىنىڭ يەككە - يېگانە يادىكارىدۇر. ئىلى كۆك تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قارارگاھىدۇر. ئىلى ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخانىنى، سۇلتان ۋەيسلىرىنى، چىنتۆمۈر باتۇرلىرىنى، ھەزرەتلەرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ قەھرىمان ئەرلەر جاھاننى تىترەتكەن. كېيىنكى ئەۋلادىنى قاناتلىققا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي كەلگەن پەھلىۋانلارنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئۇ ئالىيجاناب زاتلارنىڭ سۆڭەكلىرى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئىلى يېرى مۇنبەتلىك بولۇشى بىلەن بىللە گۈزەل بىر جايدۇر. بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك يەل-يېمىش ۋە ئاشلىق مول بولىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرچە خۇش كۆرۈنۈشلۈك مەنىسىدە، خەنزۇلار ئىلىخو دەيدۇ، خو ياخشى دېگىنىدۇر.

### مانجۇ ۋە شۋەلەرنىڭ ھەم قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھىجرىتى

مەلۇمكى، يۇقىرىدا تەرىپ ئەتكىنىمىزدەك، 18 - ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا يالغۇز كۆچمەن خەلقلا مەئىشەت ئېتىپ، جاي-جايلاردىكى قاراۋۇللارلا كۆرۈنەتتى. ھۆكۈمەت بىرىنچىدىن، مەزكۇر قاراۋۇلدىكى ئەسكەرلەرگە ئوزۇق يېتىشتۈرمەك، ئىككىنچىدىن، ئىلى يېرىنى ئاۋات قىلىپ، مەدەنىيلەشتۈرمەك نىيىتى بىلەن قەشقەرلىكلەردىن ھەر يەردىن بەش-ئوندىن جۈپلەپ ئالماق شەرتى بىلەن 6 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئائىلىسىنى بىر يولى ئىلىغا كۆچۈردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇكدېن شەھىرىدىن سەككىز يۈز ئۆيلۈك مانجۇ نەسلىگە مەنسۇپ شۋەنى كۆچۈرۈپ ئولتۇرغۇزغان. ھازىرمۇ ئۇلار مەزكۇر شۋە نامى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ سول ياقىسىدا ياشايدۇ. بۇلار ئاجايىپ تەرتىپلىك خەلقتۇر. داڭزىڭپاڭ دېگەن بىر مەھكىمەلىرى بولۇپ، ھەر كۈنى مەنسەپدارلار ۋە ئاقساقاللار يىغىلىپ كېلىپ، ھەر تۈرلۈك يۇرت مەسلىھەتلىرىنى شۇ يەردە قىلىشىپ تارقىشىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى داڭزىڭپاڭ قارىمىقىدا بىر سالڭ، بىر دۇكان بولۇپ، ئىگىسىز باللارنى، قېرىلارنى پۇلسىز باقىدۇ. يۇرتتا بولسا قىممەتچىلىك يىللىرىدا مەزكۇر سالڭدىن مەخسۇس پىرسەنت بىلەن ئاشلىق ئېلىپ چاچىدۇ. ئىچكى ئەھۋالىدا شۋە خەلقى ئەسلا قىيىنچىلىق كۆرمىگەن. بىز مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە ئالارلىق بىر ئىش. بۇنىڭدىن تاشقىرى مانجۇلاردىن 6 مىڭ خالىس ئەسكىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلۈك بولۇپ، بەزىلىرى بويتاق. ئېيتىشلىرىچە، يۇقىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇشبۇ 6 مىڭ ئەسكەرنى باقماق بولغانلار. شۋەلەرنى ئەسكەر ئالماقتىن تاشقىرى ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇلارنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ بۇلارنىڭ

2006.5

باشقىلارغا قارىغاندا تارانچىلارغا پايدىسى كۆپ.

تارانچىلار قوزغىلىڭىدا چىلىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال بۇزغۇنچىلىق سالغان شۇۋە پىرقىسى بولغان.

## مەدەنىيەت ۋە مائارىپ

(ھەممىدىن بالدۇر مەكتەپ كېرەك)

بىر خەلقنىڭ ئەل قاتارى ياشاپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلار بىلگەننى بىلىپ، باشقىلار ئوقۇغاننى ئوقۇشى لازىم، بۇ مەلۇم. ئەگەردە بۇ يەردە ئوقۇغان ئىككى تۆرلۈك خەلقنىڭ بىرى بىلىملىك بولۇپ، يەنە بىرى بىلىمسىز بولسا، ئۇ چاغدا بىلىمسىز بولغىنى بوزەكلىككە مەھكۇم بولغۇسى چوقۇم. بۇنىڭدىن مىسال كەلتۈرۈش لازىم بولسا يىراق بارماي، ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتتىم... ئانداق بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا باققاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قالتىس ئېھتىياجى مەكتەپ مائارىپدۇر، ئەلۋەتتە. شۇ يولدا كۈچ - قۇۋۋەتنى سەرپ قىلىشى لازىم. بۇ كېيىنكى يىللاردا بىزنىڭ ئۇيغۇرلارمۇ مائارىپقا بولغان قالتىس ئېھتىياجنى سەزگەن ئوخشايدۇ، مائارىپ يولىدا ئىجتىھات قىلىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە يىراق يەرلەر، چەت شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان يۈزلەپ تالىپلىرىمىز بار. دېمەك، يەنە 45 يىلدىن كېيىن بىزدە ئوتتۇرا ۋە ئالىي تەربىيە كۆرگەن بىر نەچچە سىياسىي ئەرلەر، دوختۇرلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئېھتىمال، بىر نەچچە مۇئەللىملىرىمىزمۇ يېتىشەر. بىراق بۇلار بىلەن يەنە بايىقى قالتىس ئېھتىياجىمىز قاپلانمايدىغۇ دەيمەن. سەۋەبى، بىر مىللەتنىڭ مائارىپلىق مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا سانىلىشى ئۈچۈن پۈتكۈل ئاھالىنىڭ ھېچ بولمىغاندا باشلانغۇچ رەۋىشتە بولسىمۇ ساۋاتلىق بولۇشى شەرت. مانا شۇ پۈتكۈل مىللەتنى ساۋاتلىق، مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى كېرەك نەرسە يۇرتلاردىكى بىرىنچى باسقۇچ مەكتەپلەر ۋە شۇندا تەربىيە كۆرىدىغان ياش ئۆسمۈر باللاردۇر.

ئەمىسە، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر ۋە تەربىيە كۆرگەن بىر نەچچە كىشىلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىمىز قاپلانمايدۇ. ھېلىقى ئوتتۇرا ۋە ئالىي تەربىيە كۆرۈۋاتقان بىر نەچچە بالىمىزنى تارانچىلارغا قارايلا كۆيمەنىشكە مۇمكىن، بولمىسا ئۇلار مىليونلاپ سانالغان ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەنمۇ ئۇلارنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا باققاندا، «سەي» ئەممەسلىكى بەلگىلىك. دېمەك، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ جاھالىتىگە دال بولالمايدۇ. ئەمدى قارالىڭ، بايىقى ئەڭ موھتاج بولغان يۇرتلاردىكى مەكتەپلىرىمىزگە. يۇرتلاردىكى مەكتەپلەرگە كەلسەك، ئىشىمىز زادى روناق ئەممەس. قەيەرگە قارىساق، قايسى يۇرتقىلا باقساق تەرتىپلىككىنە بىرمۇ مەكتەپ كۆرۈنمەيدۇ. غالجات ئوخشاش خەلقى كەگرى، چوڭ يۇرتلاردا مەكتەپ يېشىدىكى 3 -4 يۈز بالا مەكتەپ كۆرمەي، ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى بىكاردىن زايە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. يالغۇز غالجاتلا ئەممەس، بەلكى كەتمەن بولۇسىدىكى بارلىق يۇرتلار، توغرىسىنى ئېيتسام، پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرى ئەينى ھالدىدۇر. بوۋىلىرىمىز «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دېگەن، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھەم بوزەك بولماي، ئەل قاتارى ياشاش، تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ھەر يۇرتتا بىردىن تەرتىپلىك بىرىنچى باسقۇچ مەكتەپنى داۋام قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

قىسقىسى، بىزنىڭ دۇنيادا ئەل قاتارى ياشىشىمىز شەكسىز. مۇشۇ تەجرىبىلىك ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ داۋامىغا باغلىق بىزنىڭ ھەر يۇرتتا بىردىنلا ئىپتىدائىي مەكتەپنى داۋام قىلدۇرماي، يۇرتلاردىكى ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشىمىزنىڭ بۇ تەرىقە ئاقساپ تۇرغىنى كەمبەغەل بولۇپ مەكتەپنىڭ ئېقىم-چىقىمىنى كۆتۈرەلمىگەنلىكتىن ئەممەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ھىممەتسىز، ھۇرۇنلۇقىمىزدىنمۇ دەپ ئويلايمەن. ھىممەت قىلسا ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئەرنىڭ ھىممىتى تاغنى كېسىدۇ، ھىممەتلىك ئەرگە دەريا توۋۇقتىن دەپ، يالغۇز ھىممەت، ئىجتىھات، غەيرەت لازىم.

ئالتەشەھەر ۋە ئىلىدا بولسا مۇنداق تەرتىپلىك مەكتەپ ئېچىشقا ئۆلىما- ئىكراملار رۇخسەت بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ ياشلىرىنى بۇ توغرىدا كەچۈرۈش مۇمكىن. لېكىن بۇ توغرىدا بىزنىڭ ياش ئىشلەمچىنىڭ ھېچبىر تۆرلۈك سۆزلىرى بولمىسا كېرەك، بولسىمۇ قوبۇل قىلىنماس. بۈگۈن بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىمىز ھەر يۇرتتا تەرتىپلىك ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئېچىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ھەر بىر ئۇيغۇر ئىشلەمچىسى مۇشۇ ئۇلۇغ

ۋەزىپىنى بەجا قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم!..

ئۇيغۇر بالىسى

1923-يىل دېكابىر، «كەمبەغەللەر ئاۋازى»16 - سانى

### تارانچىلارنىڭ روسىيىگە كۆچۈشى

غۇلجا خانلىقى روسىيە دۆلىتىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئائىلە راھىتىنى كۆرمەي، يەنچىلگەن تارانچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئالۋان ياساقمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. تۇرمۇش ھەقىقەتەن ھەر تۇرلۇك كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي غۇلجىنى چىنغا قايتۇرۇش خەۋىرى چىقتى. بۇ خەۋەر تارانچىلارنى قورقۇتتى. چۈنكى، ئۇلار مانجۇلارنىڭ تارانچىلاردىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتەشەھەر ئۇيغۇرلىرىنى ئۇنداق قىلىۋاتقىدەك، مۇنداق قىلىۋاتقىدەك دېگەن خەۋەرلەر تارانچىلارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى. قورقۇش ئۈستىگە قورقۇتۇش ئېغىر ھال ئىدى. بۇ يەردە شۇنداق قىلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا شۈبھە قالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاتا - بوۋىلارنىڭ مازارلىرىنى، شۇنچە گۈزەل قورۇ - جايلىرىنى قالدۇرۇپ، روسىيە تۇپرىقىغا سەپەر قىلىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى ئورۇنلىرىدا قېلىش كېرەكمۇ؟ بۇ سوئال ئىختىيارسىز تارانچىلار ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. مانا بۇنىڭدا ئۇلار تەبىئىي ئىككىگە بۆلۈندى. بىر تەرەپ ئورۇنلىرىدا قېلىش تەرىپىگە ئۆتتى. ئىككىنچى تەرەپ سەپەر قىلىپ كۆچۈش تەرەددۇتىنى قىلدى؛ تارانچىلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي باشلىرى قاتتى ۋە غەم-قايغۇدا قالدى. ئاخىرىدا بىرىنچى تەرەپ كۆچۈشكە قارار قىلىپ، بۇ توغرىدىكى قارارلىرىنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى. ھۆكۈمەتمۇ يەتتىسۇ ۋىلايىتىدىن يەر بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلار كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي 100 مىڭ مۇھاجىر ياركەنت ناھىيىسىگە بېرىپ چۈشتى. بۇندىن باشقا قارىتاغ ئېتەكلىرىگە بىر نەچچە يۇرت ئورۇنلاشتى. يەنە بىر قانچە يۇرتتىكىلەر بولسا روسىيە تەۋەلىكىدىكى كەتمەن، شۇڭقار، غالجات تەرەپلەردە قالغانلار ئىدى. بۇلاردىن 10 مىڭلاپ ئۆيلۈك بولدى. ھۆكۈمەت مۇھاجىرلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ھەر بىر كىشىگە بەش دەسياتىنىدىن(پاتمان) يەر بەردى. تارانچىلار ئائىلىلىرى بۇ يەرلەر بىلەن ئوبدانلا پاراۋان كۈن كەچۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنرەك ھايات كەچۈرۈش قىيىنلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇرۇنقى زامانلاردا باشقا خەلقلەرگە ئارىلاشمىغانلىقتىن، كىيىم - كېچەك ئاددىيلا، كۆرۈمسىز بولۇپ، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز قول ھۈنىرى بىلەن ياسالغان ئىدى. ئەمما باشقا يۇرت خەلقلىرى باشقىچە ئىدى. ئاددىيلا بىر تارانچى شىگىرىن ئۆتۈك، ئامېرىكان مەسە كىيىدۇ. ئۆي جاھازلىرى ھەم شۇنىڭغا لايىق. تۇلا ساماۋىرى، گەردەن، چەينەك، قىسقىسى ھەممىسى بار.

«بال تىلەيدۇ تامىقىم» دېگەندەك، باشقا يۇرتتىكىلەر نېمە ئىشلىسە، بىزنىڭكىلەرمۇ شۇنى ئىشلەيدۇ. لېكىن بىزنىڭكىلەر باشقىلار بىلەن بىللە يۈرەلەمدۇ؟ نېمىشقا دېسىڭىز، باشقىلار ئوقۇغان، بىلىملىك، تىرىكچىلىك مەيدانىغا يارىشىشقا تولۇق ھازىر. ھە، بىزنىڭكىلەردە شۇنداق ھازىرلىق بارمۇ؟

يوق! بار بولسا ئايىغىمىزدىكى ئامېرىكان مەسە بىلەن بېشىمىزدىكى سۆسەر تۇماق ۋاقىتلىق نەرسە بولۇپ قېلىپ ، ئاخىرى بىر كۈن ئۆزىمىز بولمىساقمۇ بالىلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ قولىغا كۈنلۈكچى قىلىپ قالدۇرارمىزمۇ؟ ئۆز نەسلىنىڭ دۇنيادا ياشىشىنى تىلىگەن ھەر بىر ئاتا- ئانا بالىلىرىنى دۇنيادا ياشاشقا مۇتلەق سالاھىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك. بىز بۇ ئىشلارنى مانا شۇنداق چۈشەندۇق.

### تارانچىلار ئۆسەمدۇ، كېمىيەمدۇ؟

بىر قەۋم، بىر مىللەت، ئۆز نەسلىنى زامانغا مۇۋاپىق تەربىيە قىلىپ ئۆستۈرمەي، بىر مۇھىتتا ياشىغان ۋەتەنداشلاردىن ئارقىدا قېلىپ، تۇرمۇش، ھايات مەيدانىدا ئۇلاردىن يېڭىلدىمۇ، ئاللا ساقلىسۇن، ئۇ مىللەت يوقىلىشقا يۈز تۇتىدۇ دېمەكتۇر. بۇنى ئاللا كۆرسەتمىسۇن. بىزلەرمۇ باشقىلارنىڭ يازغىنىدەك يوقىلىش تەرەپكە يۈرۈۋاتىمىزمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن سۆز، بۇرادەرلەر؟!

مۆتىۋەر «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1913-سانىدا «يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇسۇلمانلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدا تارانچىلار يەتتىسۇ ئاھالىسىنىڭ 5.5 پىرسەنتىنى تەشكىل

قىلىدۇ دېيىلگەن. دېمەك، بۇ ھېساب دۇرۇس بولسا، يەتتىسۇدا بارلىقى 55 مىڭ تارانچى بولىدۇ. ئەمما يەتتىسۇ ئاھالىسى بىر مىليوندەك باردۇر. بۇندىن 30 يىل بۇرۇن يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە يۈز مىڭلاپ بولغانمىز. ھازىر بولسا 55 مىڭمىز. بۇ نېمە دېگەن سۆز؟ ھالبۇكى، ياخشى ئۆسكەن خەلق ھەر 50 يىلدا بىرگە بىر قوشۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ كۈندە بىز 200 مىڭغا يېتىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەكسىچە ھەر نەرسە بولسا قورقۇنچلۇق بىر ھېساب. بىز شۇنداقلا كېمىيىمىزمىكىنە؟ بۇنىڭدا بىر خاتالىق يوقمىكىن؟ بۇنىڭغا بولسا 15.5 دېمەكچى بولۇپ، خاتالاشىپ 5.5 دەپ يېزىلدىمىكىن دېگەن گۇمانىمىز بار. ئەمدى قەلبىمىزگە تەسەللى بەرسەك، دۇرۇس ھەر يىلى يۇقۇملۇق ئاغرىقلارغا يولۇققانمىز، ھەتتا مەدەنىي مەملىكەتلەر ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان ئاغرىقلار بىلەنمۇ ھەر يىلى قىرىلغاندۇرمىز.

لېكىن بۇنىڭغا قارشى ئۆسۈپمۇ تۇرىمىز. بۇ سانىغا قىسقىسى، ئىشىنىپ كېتەلمەيمىز.

چىن تارانچىلىرى كۆپمۇ؟

كېلەيلى ئىلى ۋىلايىتى تارانچىلىرىغا. بۇلارنىڭ سان جەھەتتىن قانچە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

ئىلگىرىمۇ قانچىلىك بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ يەتتىسۇ ۋىلايىتى تارانچىلىرىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى يۈزلەپ - يۈزلەپ شەھەر ۋە يېزىلارغا تارانچىلار ئورۇنلاشقان بولۇپ، تىرىكچىلىكلىرىدە ئۇلارغا قارىغاندا يەتتىسۇ تارانچىلىرى پەرق قىلىدۇ. چۈنكى بۇندا يەر كۆپ بولۇپ، ھەر بىر تارانچىنىڭ يەر ئىگىلەشكە ۋە خالىغىنىچە ھەيدەشكە ئىختىيارى بار. تىرىشىشقا ئەمگەك، كۈچ كېرەك. ئۇزۇن سۆزنىڭ قىسقىسى، بۇ يەردە كىم ھەرىكەت قىلسا ۋە تىرىشىپ ئىشلىسە، شۇ باي بولىدۇ. قەيەردە بولسىمۇ شۇ قائىدە ھۆكۈم سۈرەمدۇ بىلمەيمەن. ئەمما بۇ يەردە شۇنداق.

دەل شۇ كۈنلەردە بىرسىدىن ئارىيەت يولى بىلەن، قولۇمغا ئىككى دانە كىتاب چۈشتى. بۇنىڭ بىرى «شۇرا» كۆرۈنۈشىدە بولۇپ، چوڭلۇقىمۇ «شۇرا»نىڭ بىر تومى بىلەن باراۋەر. يەنە بىرى توپلام (مەجمۇئە). ئاۋۋالقىسىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. كېيىنكىسىنىڭ مەلۇم، ئەمما مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس، ئاۋۋالقىسى قەشقەردە، كېيىنكىسى ئىلىدا يېزىلغان بولسا كېرەك. ھەر نېمە بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ئەسىرلەر ياشىغان كونا كىتابلاردۇر. كېيىنكى كىتابنىڭ ئېتى «ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات» بولۇپ، جۇغراپىيە ۋە جانلىقلارغا ئوخشاش ئىلمىي نەرسىلەردىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە ئۈچۈن كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەينەن نەقىل كەلتۈرەي. مۇئەللىپ ھەمدۇ سالات تەۋھىتتىن كېيىن (ئاللا ۋە پەيغەمبەرگە سېغىنغاندىن كېيىن) مۇنداق دەيدۇ: سەۋەبى تەلىپ (كىتاب يېزىشنىڭ سەۋەبى) شۇدۇركى، ھەممە ئادەمدە قۇۋۋەت يېتەرلىك بولماس، بىر كىشى ھەممە تەبىئەتنى يۈرۈپ كۆرەلمەس. بىر مۇنچە ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسىلەرنى كۆرەلمەس. مەلۇم بولغايكى، مەن پېقىر غېرىب بىر ئادەم بولساممۇ، قەدىر ئەھۋال، ئىمكانىيەت يېتىشىچە ئاڭلاپ كۆرۈپ، ئاندىن كىتاب يۈزىگە يېزىپ، بايان ۋە ئايان قىلۇرمەن. خالايىق بۇ ئاجايىپ ۋە غارايىباتتىن خەۋەردار بولغاي ۋە ھېكمەتتىن مەزە قىلغايلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابقا «ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات» دېگەن ئات قويۇلدى.

«ھەر كىم بۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلسا ۋە تەپەككۇر قىلسا، ئاللانىڭ يارىتىش قۇدرىتىدىن ئاگاھ بولغاي ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىغا مەنسۇپ بولغاي» دەپ، مۇقەددىمىسىنى تامام قىلىدۇ. جۇغراپىيە ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى بەك قىسقا. مەسىلەن، «بورتاس»لار ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ: «بورتاس دېگەن تۈركلەر يۇرتىدا بولۇپ، پادىشاھلىرى خاقان دېيىلىدۇ، ئۆزلىرى بۇتپەرەست بولۇپ، بۇتقا چوقۇنىدۇ، شۇنداقلا خاقانلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە سەجدە قىلىدۇ».

بۇخارا ھەققىدە: «بۇخارا خەلقى ئومۇمەن ئالىم بولۇپ، جاھىل خەلقتۇر، ھېچ بولۇنمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى بۇخارا بىلەن پەخىرلىنىدۇ» دەيدۇ. «قەشقەر خەلقى ئېگىز بويلۇق بولۇپ ھاۋايىراق خەلقتۇر. قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى، يېرى مۇنبەت». بۇلاردىن باشقا يەنە تامغاچ، بالاساغۇن... ئىشقىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قىتئەسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەلقى، يېرى، ھايۋانلىرى،

www.uyghurkitap.com



تاش ـ سۇلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇشبۇ بېيىتلار بىلەن تامام قىلدۇ.

تا قىيامەت ئەلگە بولغاي يادىكار،
ئاڭلاپ ئەپسۇس يىگەيلەر دوسى ـ يار.
مىڭ ئىككى يۈز قىرىق بىر ھجرىتى،
بۇ كىتابلار بارچە نىكۇ خىسلىتى.

رەببىيەل ئاخىر چارشەنبە كۈنى.

1 ـ كىتابنىڭ 18 ـ بېتى قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىپ ئۆز ئىمزاسىنى قويغان. ئاخىرقىلىرى ئۆز ئەسرىمۇ، ياكى باشقا كىشىنىڭمۇ مەلۇم ئەمەس. مۇئەللىپنىڭ قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەققىدە يازغانلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مەدائىندە ئىمام نەسىردىن باشلىق ئەمرۇل ئەمىرلەر مەسلەھەت قىلىپ قەشقەر ۋىلايىتىنى بويسۇندۇرۇشنى قارار قىلىپ، يۇسۇپ قادىرخان غازىنى 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەر زېمىنىگە ئەۋەتكەن.

ئىمام نەسىردىن قەشقەرگە يۇسۇپ قادىرخان غازىنى خان قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ياركەنت تەرەپكە ماڭغان. بۇ خەۋەرنى ياركەنت خەلقى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان. بۇندىن يەنە ئىلگىرىلەپ، چىن تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. يولدا توققۇز كەنت مۇسۇلمان بولغان. مۇندىن گۇمىغا بارغان، ئۇ يەردە خەلقنىڭ يېرىمى مۇسۇلمان بولغان، يېرىمى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. دەل شۇ ۋاقىت بۇلاردىن ئايرىلغان شاكىر ئەسىملىك سىر ئەسكەر قولىدىكى ئەسكىرى بىلەن جابدۇنىروشە ئىسىملىك بىر بۇددىستنىڭ ئەسكىرىگە يولۇقۇپ يېڭىلگەن. سىر ئەسكەرمۇ شېھىت بولغان. بۇ خەۋەر ئۇجەت بۇددىستلىرىغا ئاڭلىنىپ، ئۇلارمۇ سوقۇشقا ھازىرلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، جابدۇننىڭ ئەسكىرى ئىككىنچى قېتىمدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان. بۇ يەردىن ئىسلام ئەسكىرى خوتەنگە بېرىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ نامە كىرگۈزگەن. خوتەن ھاكىمى قوبۇل قىلماي، دىن ئۈچۈن سوقۇشۇشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سوقۇش باشلىنىپ، ئۇ 40 يىلغا سوزۇلغان. بۇ ئارىدا ئىسلام ئەسكىرى خالخا قەۋمى بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى يەڭگەن. ماچىن خالخا قەۋمى تولۇق ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغان. ئىسلام لەشكىرى ئۇجەت بۇددىستلىرىغا يۈرۈش قىلغاندا ئۇلار قېچىپ كەتكەنىكەن. بۇلار كەينىگە چۈشۈپ، قوغلاپ بارغاندا ئۇجەت خەلقى مۆكۈپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر توپىنى قىرغان، مۇسۇلمانلار ئىككىنچى قېتىم يوقالغان. سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىيلە بىلەن مۇسۇلمان بولغان مۇناپىقلار بولغان. ئۇلار مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا بۇددىستلارنى باشلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇرغان، شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي تارىلىپ كەتكەن. بۇددىستلار بۇ يەردىن بۆلۇنگەندىن كېيىن بىر يەرگە جەم بولغان. بۇ خەۋەر قەشقەردىكى يۇسۇپ قادىرخانغا يېتىپ، ئۇ ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە بۇددىستلارنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇ يەردىكى ئىشى ئۆلۈكلەرنى يىغىپ كۆمۈشتىن ئىبارەت بولغان.

ھەجرىيىنىڭ 390 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى) زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە. يازغۇچى پېقىر ئابدۇجەلىل، دەپ تامام قىلغان.

ن . ئابدۇسەمەت، 1913 ـ يىلى «شۇرا»نىڭ 11 ـ سانى.

## ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تارىخىنى يېزىش توغرۇلۇق سوئال ۋە جاۋاب

ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخلىرىنى، قەشقەردە ئۆتكەن خانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى، «شۇرا»دا يېزىشىڭىزلارنى ئۆتۈنىمىز. ۋەقەلەرنى، قىلغان ئىشلىرىنى، تۇتقان يوللىرىنى ئۆگىنىپ، بىلىپ تۇرماق بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىپ، تەجرىبە، ئىبرەت ئېلىپ تۇرساق ھازىرقى ئۆمۈرلىرىمىزنى ۋە كېلەچەك تۇرمۇشلىرىمىزنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇپ، بەلكى بەختىيار ياشاشقا مۇۋەپپەق بولۇر ئىدۇق.

جاۋاب: ئاتا بوۋا ۋە ئومۇمەن مىللىي تارىخنى بىلىشكە ۋە مەئىشەت ھەمدە ئۆمۈر سۈرمەك توغرىسىدا تارىخلاردىن ئىبرەت تەجرىبە ئېلىشقا ھەۋەس ئەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن مەمنۇن بولدۇق. بىر قەۋم ئىچىدە

مۇشۇنداق پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ بولغىنى شۇ قەۋمنىڭ دۇنيادا ياشاش ئىستىكىنىڭ بارلىقىدىن دەلىل بولۇر. ئىنشائاللا قۇدرىتىمىز يەتكىنىگە قەدەر خىزمەت ئەتسەك كېرەك. لېكىن ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ تارىخىنى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بۇرۇنقى ۋە يېڭى خەۋەرلەرنى ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ، «شۇرا»غا يېزىپ تۇرغان بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولغان بولار ئىدى. ئادەتتە ھەر بىر يەرنىڭ ۋە ھەر قەبىلىنىڭ تارىخلىرىنى شۇ يەردە ۋە شۇ خەلق ئارىسىدىن بولغان زاتلار يېزىپ تۇرىدۇ. ‹ئەھلى ئەل بىت ئەردى بى مەنبە› دەيدۇ. تارىخلىرى تەكشۈرۈلمىگەن خەلقلەر ھەققىدە چەتتە تۇرۇپ مەلۇمات بەرمەك ئەلۋەتتە مۇشكۇلدۇر.

«شۇرا»نىڭ 1911 ـ يىللىق 11 ـ سانى.

## يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە

يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ جۇڭگو چېگرىسىدىكى غالجات يېزىسىدىن يەتتە چاقىرىم شەرقتە مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى قەبرىسى دېگەن مەشھۇر بىر قەبرە بار. بۇ قەبرىنىڭ بەزى خىشلىرى يەرگە چۈشكەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەلدۇر. بۇ قەبرىنىڭ شۇنداق گۆزەل كۆرۈنۈشتە ياسالغانلىقىدىن تارانچى بوۋىلىرىمىز ئۇنى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتاشقان. ئالتۇنلۇق ئىچىگە پەردە تارتىلغان. بۇ قەبرىنىڭ تۇپرىقىنى ئادەملەر دورا ئۈچۈن ئېلىپ تۆگەتكەن. بۇ مازار پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتى ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە مەشھۇر. ھەر يىلى غۇلجىدىن ۋە ئالمۇئاتادىن ئالىم، ئاخۇن ۋە داموللىلار باشلىق بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ نەزىر ۋە قۇربانلىقلار قىلىشىدۇ. خۇسۇسەن تارانچىلاردىن ئوقۇغان ھەرقانداق يىگىت بۇ مازاردىن تىلەك تىلىمەي قالماس. بۇ مەۋلانە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوغلانلارغا كېپىلمىش. چىن ئېتىقادى بىلەن موللا بولماقنى تىلىسە شەكسىز بۇ كىشىگە ئىلىم بېرۇر ۋە ئۇ ھېچ زەخمەتسىز ئالىم بولۇرمىش. بۇ مازارنىڭ قەشقەر تەرەپلەردە ھەم شۆھرىتى ئۇلۇغدۇر. قەشقەر دىيارىدىن زىيارەت ئۈچۈن كەلگەنلەر ھەر دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ قەبرە تارانچىلار قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ياسالغان ئىمىش. ئەمما مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى ئۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ۋاپات بولغان بۈيۈك ئىسلام ئۆلىماسى ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا غالجات يېرىدە قالماقلار بولغان. بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ. ھەر قانداق بولسىمۇ، بۇ قەبرە ئىگىسى ئىسلام ئىلمىدا بۈيۈك مەشھۇر بىر زات بولغانلىقى ئېنىق. يوقلا بىر ئادەمنىڭ مۇنداق شۆھرەت قازىنىشى ئېھتىمالدىن يىراق، ئەلۋەتتە. بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى جانابىڭىزغا مەلۇم بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەم ھەققىدە «شۇرا» يىڭىزغا يازماقنى ئۆتۈندۇق.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت

جاۋاب:

يەتتىسۇ ۋىلايىتى نەدە؟ بىز نەدە؟ يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە بولغان قەبرىنىڭ ئەھۋالى ۋە قەبرە ساھىبىنىڭ تارىخى بىزلەرگە قايسى تەرىقىدە مەلۇم بولسۇن؟ بۇندىن 34 يىل ئىلگىرى رۇس ساياھەتچىلىرىنىڭ بىرى يۈسۈپ سەككاكى ناملىق زات قەبرى ھەققىدە يېزىلغان بىر كىچىك رىسالە كەلتۈرگەن ئىدى، قەبرىنىڭ رەسمى ھەم بار ئىدى. پەقەت شۇ رىسالىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. ئىسلام ئالىمدە يۈسۈپ سەككاكى دېيىلگەن مەشھۇر بىر ئالىم بار. ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ سىراجىدىن بىننى ئەبۇبەكرى بىننى مۇھەممەد. مەملىكىتىمىز مەدرىسلىرىدە مەلۇم بولغان «تەلخىس» كىتابىنىڭ ئەسلى بولغان «مۇپتاھۇلئىلىم» ناملىق بۈيۈك ئەسەر مەزكۇر ئادەمنىڭ ئەسەرىدۇر. پەقەت بۇ زات سىيۇتىنىڭ «بىغايەتۇلۋەئا» ناملى كىتابىدىن مەلۇم بولۇشچە (225 ـ بەت) خارەزىمدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ قەبرىڭىزنىڭ ساھىبى بۇ ئادەم بولماس. «مۇپتاھۇلئىلىم»نىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە يازغۇچىلىرىمىزدىن ئابدۇلھەي كەنۋى «فەۋائىد بەھرىيا» ناملىق كىتابىدا بەزىبىر ھېكايە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بارلىقىنى مەلۇم قىلىمىز. مۇنداق مۆتىۋەر پازىللار ۋە تەھقىق بىلەن مەشغۇلزاتلار ئۈچۈن شۇنداق خەۋەر يازماق مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئەمدى شۇ قەبرىنى ئۆزىڭىز تەپتىشلىسىڭىز ناھايىتى ياخشى بولار ئىدى. ئېھتىمال، تاش، خىشلاردا مېيىتنىڭ ئىسمى،

www.uyghurkitap.com



فامىلىسى، ئەسلىي ۋەتىنى ۋە تارىخى، ۋاپاتى يېزىلغاندۇر. شۇلار ئارقىلىق كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكىمىز مۇمكىن.

## بۇغراخان

1. قەشقەر خانلىرىدىن بۇغراخان نامىغا بېغىشلانغان «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى يازغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ماۋەرائۇننەھىردىن بارغان يۈسۈپ قادىرخان ئىككىسى بىر ئادەممۇ؟ مۇنداق بولسا مەزكۇر كىتاب 10-ئەسىردە يېزىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى يۈسۈپ قادىرخان 961- يىلدا قەشقەرگە بارغان ئىكەن. ھالبۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» 1071-يىلى يېزىلغانلىقى كىتاب ئىچىدە مەلۇمدۇر.

2. بۇغراخان قەشقەر خانلىرىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى مەزكۇر خانلارنىڭ ئۇنۋانىمۇ؟

3. بۇرۇنقىلاردا خاقان بىلەن خاننىڭ دەرىجىسى بىر ئىدىمۇ؟ ياكى خان دېمەك ئوسمانىيلارنىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشاش بىرەر ئۇنۋانمۇ؟

4. «شۇرا»نىڭ ئۆتكەن يىلقى ساندا يۇقىرىقى سوئاللارغا تەئەللۇق بىر تارىخچە يېزىلغان ئىدى. بۇنىڭدىكى شەخسلەر كىملەر؟ مەداين شەھرى نەدە؟

5. ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر كونا ئەسىرى، ئۇلۇغ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى «شۇرا»سەھىپىلىرىدە چىقىرىپ، قېرىنداشلارنى خۇشال قىلىشقا مۇمكىن بولماسمۇ؟

6. 1910-يىلى مۆتىۋەر «شۇرا»دىن يۈسۈپ سەككاكى كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ يازغان ئىدىم. بۇنىڭغا بولسا مەزكۇر ئادەم توغرىسىدا رۇس سەيياھلىرىدىن بىرىنىڭ بىر رىسالىسى بار ئىكەنلىكىنى، لېكىن ھازىرچە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى يازغان ئىدىڭىز، ئەمما ئۆتكەن ساندا مەزكۇر ئەسەر ئىدارىگە بىر مۇئەللىم تەرىپىدىن ھەدىيە ئېتىلگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەزكۇر ئادەم توغرۇلۇق ھېچ نەرسە يېزىلمىدى. ئەمدى بۇ توغرۇلۇق بىر ھىممەت قىلىپ يازسىڭىز ئىدى، بىز بۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ قالدۇق. يەنە مەزكۇر مۇئەللىپ مۆھتەرەم پانتۇسوفنىڭ تارانچى-قەشقەرلىكلەر تارىخىغا ئائىت بىر چوڭ ئەسىرى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر كىمدە بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئوچۇق خەت مەلۇم قىلسا، ئارتۇقى بىلەن پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان بولار ئىدىم ۋە باشقىمۇ ئالدىغان ئادەملەر تېپىلىپ قالدۇ.

ئادرېسىم: س. ت. پودگورنىي سېمىرېچ. ئوبل. يار-كېنت ئۇئېزد. سېلو كولجات ن. ئابدۇسەمەتوف

«شۇرا»نىڭ جاۋابى

1، 2-ھەم 3- مەسىلىلىرىڭىز ھەققىدە «تارىخ خەمسىيە شەرقى» كىتابىدا بىر قەدەر مەلۇماتلار بار. 658-، 681 -، 683 - بەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

4. مەداين ئىران شاھلىرىنىڭ پايتەختىدىن بىرى بولغان مەشھۇر شەھەر بولۇپ، خارابىلىرى بۈگۈنكى باغدادقا يېقىن بىر يەردىدۇر.

5. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر قەلىمى بىلەن يېزىلغان چوڭ بىر ئەسەر بولغانلىقتىن «شۇرا»غا كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمىدى.

6. سىزنىڭ سوئالىڭىزغا كەلگەندە، مەلۇم رۇسچە ئەسەرنى تاپالمىدۇق، كېيىن مەزكۇر ئەسەر كەلدى، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ سوئالىڭىز خاتىرىمىزدىن چىقىپ قالغان ئىكەن. ئەمدى سوئالىڭىزنى خاتىرىمىزگە چۈشەردىڭىز، لېكىن كىتاب تېپىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىڭىزنى بىجىرەلمىدۇق. كەچۈرۈڭ.

1910 - يىلى 15-ماي «شۇرا» ژۇرنىلى، ئورېنبۇرگ.

## «تىلىيارىش»نىڭ ئېلانى

«تىلىيارىش»نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ماقالىلار يازغىنىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسىملىرى يېزىلغان زاتلارغا «شۇرا» ئىدارىسى سەممىي سۆرەتتە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تىلىيارىش» مەجمۇئەسىدىن بىر نۇسخا ھەدىيە ئەتتۇق. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفقا: بۈگۈنكى ئادرېسىڭىزنى ئىدارىگە ئەۋەتىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز. ئادرېسىڭىزنى 15 - ئىيۇنغا قەدەر كەلتۈرۈشىڭىز لازىم. ئورېنبۇرگ شەھرىدە يېزىلغان كىشىلەر «تىلىيارىش» مەجمۇئەسىنى ئۆزۈڭلار ئۇدۇل ئىدارىگە كېلىپ ئالارسىلەر.

1910 - يىلى 15-ماي، «شۇرا» ژۇرنىلى، ئورېنبۇرگ شەھرى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن




ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۆلكە - جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58

پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 0991 - 4554017
**E- mail: mirasuyghur@ 126.com**

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



يۈسۈپ ئىسھاق

# كۆكتىن كۆكلەمگىچە

ـ كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

2006 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچ «ئورتا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (5) دېگەن يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، يان تېلېفونۇم تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ، ئۇنى ئېلىشىمغا بىر ئەر كىشىنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىدا «ۋوي، يۈسۈپ ئەپەندىمۇ؟» دېگەن ئەرلەرگە خاس ئۈنى ئاڭلاندى. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ كىشى: «مەن ‹جۇڭگو بىلىم ئېكسپېدىتسىيىسى› ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى جاڭ جىشۇڭ بولىمەن. بىز قومۇلنىڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسىگە ئاتاپ مەخسۇس سەھىپە ئىشلىگەندۇق. بۇ سەھىپىمىزنىڭ ياخشىراق چىقىشى ئۈچۈن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تاڭ شياۋچىڭ مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلاشقاندۇق. ئۇ سىزنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقاندى. سىزنىڭ ياردەم بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. بىز ھازىر قومۇلدا، پويىز بىلەن ئەتە ئەتىگەن ئۈرۈمچىگە بارىمىز» دېدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي پىلانىم بويىچە 28 ـ چېسلا قومۇلغا بېرىشقا تەييارلىنىپ قويغانلىقىمنى، ئىمكانىيەت بولسا، قومۇلدا كۆرۈشۈشنى ئېيتتىم. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ كىشى ئىكەنلىكىنى، بېلەتنى قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئىككى ئىشدىنىشىنىڭ 28 ـ چېسلا ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئۇچىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۈرۈمچىدە كۆرۈشىدىغان بولۇپ پۈتۈشتۇق. مەن ئەتىسى ئۇلار چۈشكەن ئۈرۈمچى پويىز تۇرغۇچتىكى شىنئاكيۇۋ مېھمانخانىسىغا ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپلا ئىككى يىگىتنىڭ بوغچىلىرىنى يۈدۈپ ئايرودرومغا يۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلاردىن بىرى مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ماڭا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ سالام قىلدى. ئەنە شۇ دەقىقىلەردە مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم قاپلىغانىدەك بولدى.

ھېلىقى ئىككى يىگىت بىز بىلەن خوشلىشىپ ئايرودرومغا يۈرۈپ كەتتى. جاڭ ئەپەندى بۇ قېتىم قومۇلغا بېرىپ، ئۆزلىرى كۆرگەن ـ بىلگەن فولكلور بىلىملىرى توغرىسىدا ئاز، ساز سۆزلىدى ۋە ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن «سىزنىڭچە قومۇلنىڭ يەنە قانداق ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت بايلىقلىرى بار؟» دەپ سورىدى. مەن ئىختىيارسىز «قومۇل مەشرىپى، بولۇپمۇ كۆك مەشرىپى» دەپ جاۋاب بەردىم. جاڭ ئەپەندى كۆك مەشرىپى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى.

كۆك مەشرىپى — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان توي مەشرىپى، جۇۋان توي مەشرىپى، بۆشۈك توي

مەشرىپى، ئۆي مەشرىپى، نورۇز مەشرىپى (باھار مەشرىپى) قاتارلىق بىر يۈرۈش مەشرەپلەرنىڭ ئىچىدە قومۇلدىلا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئۆزگىچە مەشرەپ شەكلى.

«كۆك مەشرىپى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «كۆك» ۋە «مەشرەپ» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «كۆك» سۆزى كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى ئۆزىگە يۇغۇرغان كۆپ مەنىلىك سۆز. ئۇ «ئاسمان، تەڭرى، بىر نەرسىنىڭ كۆكلىشى، كۆكلەم، رەڭ (كۆك رەڭ)، يىلتىز، ئاساس، نېگىز، بۈيۈك، كۆكتات، ئوت ـ چۆپ، قورقماس ۋە ‹بىر خىل ئاھاڭدۇر› (نەۋايى) ① » دېگەندەك مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن «مەشرەپ» (يىغىلىش) دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان ئەرەبچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن.

كۆك مەشرىپى قانداق ئۆتكۈزۈلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

بۇ ئىككى سوراقنىڭ ئالدىنقىسىغا جاۋاب بېرىش بىر قەدەر ئوڭاي (چۈنكى 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 75 ـ يىللارغا قەدەر بۇ مەشرەپنى كۆرۈپ چوڭ بولدۇم، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەنىدى). بىراق، كېيىنكىسىگە جاۋاب بېرىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. بۇ دەل «سەۋەبسىز ئىش بولماس، سەۋەبىنىڭ سىرىنى بىلىپ بولماس» دېگەندەك بىر ئىش. ئەمما، ئېچىلمايدىغان سىر يوققۇ. بىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن كۆپرەك بىلىمگە ئېرىشىپ، تەبىئەت، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك سىرلارنى يېشىپ بېرىش ئۆزگىچە لەززەت، ئاجايىپ بىر خىل بەختىيارلىق، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغانلىقى ئېنىق. مەن ئەنە شۇ لەززەت ۋە بەختتىن ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاق بەھرىلىنەلىسەم ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلار ئىدىم.

ئادەمنىڭ كىچىك چاغلىرىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك سادىق ھەمراھتەك بىرگە ياشاپ، ئۇنىڭ ئەس ـ يادىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىكەن. مېنىڭ بەش ـ ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى قوشنىمىز شەمشىدىن سوپى دېگەن ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان، تەمبەل كەلگەن كىشىنىڭ قىزىنىڭ تويى بولدى. كەچلىك مەشرەپكە ئاتا ـ ئانام مېنىمۇ ئېلىپ كىردى. بۇ مەشرەپكە قومۇل خانلىق ئوردىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرىدىن ئاخۇنبەگ، ئاقپاشا قاتارلىق كىشىلەر چاقىرىلغانىكەن. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم مەشرەپكە قاتنىششىم ئىدى. چوڭ بىر ئۆينىڭ تۆرىدە بوۋاي ـ موماي، ئەر ـ ئاياللار ياش ـ قۇرامىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلىنىشكىنىچە، ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار بىر تەرەپتە، بىر قىسىملىرى يۈكۈنۈپ، بىر قىسىملىرى يەك تىز بولۇشۇپ ئولتۇرۇپ مۇقام ئاڭلاۋاتقانىكەن. كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئۇسكىلەڭ قاشلىق، كەكە ساقال قويۇۋالغان، ئورۇقراق، ئوتتۇرا بويى كەلگەن «غېجەك پىرى» دەپ ئاتىقى بار ئاخۇنبەگ بوۋىمىز بىلەن ئۆزىنىڭ بېيىت ـ قوشاقلارنى كۆپ بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنىمۇ پىششىق بىلىدىغانلىقى، دايىقا ئۇستىلىقى بىلەن داڭق چىقارغان ئاقپىشماق، ئورۇقراق كەلگەن، ئوتتۇرا بويى، ئاۋازى زىل ۋە ياڭراق ئاقپاشالارغا ياندىشىپ يەنە ياشراق تۆت مۇقامچىمۇ ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ مۇقام ئېيتىۋاتاتتى. ياشراق مۇقامچىلار ئاخۇنبەگ ۋە ئاقپاشاغا ئەگىشىپ ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاقپاشامۇ ئاخۇنبەگنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا باي چىراي ئىپادىسى بىلەن پات ـ پات ئاشكارىلاپ تۇراتتى. مەن بولسام ئىشكتىن كىرگەنلا يەردە بىر كىچىك ئورۇندۇقتا كىشىلەرگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتىم.

مۇقامچىلار قالتىس كىشىلەر ئىكەن. ئاددىيغىنە ياغاچ ۋە ئايغىرنىڭ يايلى دەمدۇ، قۇيرۇقى دەمدۇ، بىر نەرسىلەر بىلەن «غېجەك» دېگەن بىر نېمە بىلەن جۇجەم ياغىچى ۋە كېيىك، ئۆچكە، يىلان تېرىسى دېگەندەك بىر نەرسىلەردىن «داپ» دېگەن سازلارنى ياسىۋېلىپ، شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن چالىدىكەنكى، ئادەمنى ھېلى يىغلىتىپ، ھېلى كۈلدۈرىدىكەن.

شۇ ئاخشىمى ئاخۇنبەگ بوۋامنىڭ تارتقان غېجىكىنىڭ يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلىدىغان مۇڭلۇق كۈيىگە ئەگىشىپ، ئاقپاشانىڭ داپنى يېنىك، رىتىملىق چېكىپ چېلىشىغا جۆر بولۇپ ئېيتىلغان قومۇل مۇقام ناخشىلىرى، مۇناجاتلار ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ «يۇردۇم ئالەم مۇقامى»نىڭ:

يۇردۇم ئالەمنى، كەزدىم،
سورىدىم، بارچىدا غەم بار.
غەمسىز كىشى ئالەمدە،

www.uyghurkitap.com



ياراتقان بىر خۇدايىم بار.

...

...

دېگەن مىسرالارنى ئېيتقاندىكى ھەسرەتلىك ئۇلۇغ ـ ئۇششاق تىنىشلىرى؛ «يالغۇز تويۇن مۇقامى»نىڭ:

يالغۇز تويۇن بىر پارچە تاغ،
بولۇپتۇ قورغان.
بىر مىڭ بىر يۈز قالماق كېلىپ،
ئاتمىش ئالتە كودەكلەرنى
بۇغدايدەك ئورىغان.

دېگەن مىسرالارنى ئېيتقاندىكى يىغا ئارىلاش ئىسەدەشلىرى؛ «ياچىبەگ»، «ئۆمەر باتۇر»، «ئىسلام بېگىم» قاتارلىق قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكى باتۇرلار جەڭگە ئاتلانغاندىكى مەردانە كەيپىيات، يالقۇنلۇق، جۇشقۇن ھېسسىيات، داپچىلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېلىپ داپنى زەربە بىلەن ئۇرۇشلىرىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلچىلارنىڭ بۈركۈت ـ قارچىغىلارنىڭ كۆكتىكى پەرۋازىنى ئەسلىتىدىغان جەسۇر قىياپەتلىرى ھەممە ئۆز قەھرىمانلىرى خەتەرگە يولۇققاندىكى ئەنسىرەشلىرى، باتۇرلىرى قۇربان بولغاندا بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى؛ ساتقىنلارغا بولغان چىش غۇچۇرلىتىشلىرى؛ بولۇپمۇ «تۆمۈر خەلپە» داستانىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ: «تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ، ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى» دېگەن يەرگە كەلگەندە تىڭشىغۇچىلارنىڭ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ تارام ـ تارام ياش تۆكۈشلىرى؛ شۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقدەمگە يىغلايمەن. ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە، داۋايىم قىيامەتتە» دېگەن مىسرالارنى ئېيتقاندا، ھەممە كىشىنىڭ بىرلىكتە «ھەق! ھەق!» دەپ بىرلىكتە گۇرۇلدەپ توۋلاشلىرى پەقەت، پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مۇقامچىلار ئەنە شۇنداق تراگېدىيىلىك كەيپىيات ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك مۇقام ئېيتقاندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ ئازراق دەم ئېلىۋېلىپ، مۇقام ناخشىلىرىنى ئاستا ـ ئاستا شوخ پەدىلەرگە يۆتكىدى. ئۇسسۇلچىلاردىن بىر بوۋاي يېڭى ئۈنۈپ چىققان «كۆك»نى ئەسلىتىدىغان شەكىلدە چىگىلگەن قولياغلىقنى ئوڭ قولىغا تۇتقىنىچە بىر موماينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇسسۇلغا تارتتى. موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى. بۇ ئىككىيلەن ئۈچ قەدەمدىن ئالدىغا يۈرۈشۈپ ئوڭ قولىنى بېسىپ ئايلىنىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈشۈپ ئۆزئارا سالام قىلىشتى. بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلاپ بولۇپ ئۇسسۇل دېگەننى شۇنداق چىرايلىق ئوينىدىكى، ئەرنىڭ ئۇسسۇلى نەق لاچىننىڭ پەرۋازىنى ئەسلەتسە، ئايالنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بەئەينى قارلىغاچنىڭ ئويناقلاپ ئۇچۇشىنى ئەسلىتەتتى. ئۇسسۇل ئاخىرلاشتى، ئۇلار بايىقى سالام يوسۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، بوۋاي كۆككە (يېڭى چىققان ئىككى قۇلاق مايسىغا) تەقلىد قىلىنغان پوتىنى مومايغا تۇتتى. موماي پوتىنى ئېلىپ يەنە بىر بوۋايغا تۇتتى ۋە يۇقىرىقى مەشرەپ يوسۇنىنى ئىجرا قىلىپ بولۇشىغا بوۋاي ئۇسسۇلنى باشلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇقامچىلار (بۇرگەم ـ بۇرگەم بىر باتۇر»، «نازىركوم» دېگەندەك يۇمۇرلۇق، شوخ پەدىلەرگە چېلىپ مەشرەپنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. بۇ چاغدا بىرى قىزىقچىلىق قىلسا، بىرى بېيىت ئېيتىپ، كۆڭۈل چاقچىقىنى باشلىۋەتتى، قىيقاسچىلار قىيقاس توۋلاپ مەشرەپنى تېخىمۇ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈردى. مومايلار گۈلدەك ئېچىلىپ، بوۋايلار بۇلبۇلدەك سايرىشىپ، كۆڭۈللەردە شادلىق بەزمىسى، كۆزلەردە بەخت كەرەشمىسى جىلۋە قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، يېرىم كېچىدە كۆپچىلىك تويى بولغان قىزغا بەخت ـ سائادەت، ئىنساپ، ئىمان، ئۇزۇن ئۆمۈر، ساقلىق تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭلارنىڭ مەشرىپى ئاخىرلاشتى. بىراق، بۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدە ياشلارنىڭ مەشرىپى قىيقاس ـ سۈرەن ئىچىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

ئاددىيغىنە قومۇل غېجىكىنىڭ تارلىرى بىلەن كامالچىنىڭ سۈركۈلىشىدىن، بەش ـ ئالتە داپنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن



«باتۇرلار يۇرتى» دەپ ئىپتىخارلىق نامى بار قومۇلنىڭ
ئالىپ يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى ھالال ئاي
شەكىللىك قىلىچلىرى بىلەن ئايپالتىلىرى ۋە ئۇمۇت، نەيـ
زىلىرىنىڭ رەقىپلىرىنىڭ قىلىچ، پالتا، ئۇمۇت، نەيزىلىرىگە
ئۆزئارا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشىدىن ياڭرىغان چاغـدىـكى
سادانى ئاڭلىغاندەك ۋە ئۆزۈمنى شۇ جەڭگاھلاردا يۈرـ
گەندەك، مۇقامچىلارنىڭ ئېيتىۋاتقىنى مۇقام ناخشىلىرى
ئەمەس، جەڭ يۈرۈشلىرىدەك، مەشرەپچىلەرنىڭ توۋلاـ
ۋاتقىنى قىقاس ئەمەس، غەلىبە ئۇرانىدەك تۇيۇلۇپ، ئۆـ
زۈمنى بىر تۇرۇپ يىراق ئۆتمۈشنىڭ سېھىرلىك قۇچاقلىـ
رىدا كېزىپ يۈرگەن گۆدەكتەك، بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى
تەكلىماكاندىكى غايىب شەھەرگە تۇيۇقسىز يولۇقۇپ قالـ
غان ئېكسپېدىتسىيىچىدەك، بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى چۆچەكـ
لەردىكى تىلسىماتلىق كۆيلەر قەسرىگە بەند قىلىنـغـان
شاھزادىدەك ھېس قىلدىم. مەن ئۇچۇن مەڭگۈ، مەڭگۈ
ئۇنتۇلماس بىر كېچە بولدى!

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ «مەشرەپ» دېگەن سۆزنى
ئاڭلاپ قالدىغان بولسام قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت
قىلىدىغان، مەھەللىمىزدە مەشرەپنىڭ تۈۋشىنى ئاڭلاپلا
قالسام ئىجازەتسىزلا بېرىۋېرىدىغان بولۇۋالدىم. بۇ ئە-
شمنى ئاتا ـ ئانامۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى.

كەچۈرۈڭ مېنى، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن. مەن سەبىي
بالا خىيالىغا نېمە كەچسە، شۇنى سۆزلىگەندەك بىر نېمەـ
لەرنى سۆزلەپ كەتكىنىمنى، ئۆز يولىدىن ئادىشىپ قالغان
يولۇچىدەك تېمىدىن چەتنەپ كەتكىنىمنى. مەن ئەسلىدە
قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈزلۈك يىغىم تۈگەپ، تۇنجى قار
ياغقان كۈنىلا مەلۇم بىر كىشى قارنىڭ يىغىشى ـــ كېلەر
يىللىق ھوسۇلنىڭ مول، ئۇلاغلارنىڭ سېمىز، داستىخاننىڭ
بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقىنى قۇتلاپ، كۆڭلى تارتقان بىر
كىشىگە تۆۋەندىكىدەك:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلىقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

بېيىتلار پۈتۈلگەن ئاق قەغەزنى تۇمارچىلاپ قاتلاپ،
ئۇنى قار بىلەن پۈمزەكلەپ، ئۇنىڭ سىرتىدىن قولياغلىق
بىلەن چىڭ چىگىپ، ئۇنى يېنىغا يوشۇرۇۋېلىپ، خۇددى
مۇڭداشقىلى كىرگەن كىشىدەك بىر ئاز سىرداشقاندىن كې-



يىن، ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئىشى بارلىقىنى، قايتىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي، سىرتقا قاراپ
ماڭىدۇ ۋە «قارلىق بېسىۋالمىسۇن!» دەپ قويۇپ قاـ
چىدىغانلىقىنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى
قوغلاپ تۇتىۋالسا، كۆك مەشرىپىنىڭ مۇقەددىمىسى بولـ
غان «قارلىق ئويۇنى» نى باشلىغان كىشىنىڭ (قارلىق
تاشلىغۇچىنىڭ) ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، يۈزىگە كۆـ
گە (قازاننىڭ قارىسى) سۈرتۈلۈپ، ئەسكى داستىن بىرى
قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ، ئۆزىنىڭ كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ
بېرىدىغانلىقىنى؛ ئۆزى «قارلىق» تا ئورتىغا قـويـغـان
شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاتقۇزىدىـ
غانلىقىنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۆي ئىگىسى
قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتالماي قالسا، كۆك ئـۇنـدۇرۇپ،
كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ئېشەككە تەتۈر
مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنمايدىغانلىقىنىمۇ يېزىشىم كېرەك
ئىدى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن شۇ كەنتتىكى كىشلەر كىمـنـىڭ
ئۆيىدە كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولىدۇ.

قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇغداينىڭ ئـەڭ
سەرخىللىرى تاللىۋېلىنىپ، قاپاققا تېرىلىپ، تۈگـلـۈك ـ
دېرىزىنىڭ يورۇق چۈشىدىغان يېرىگە قويۇلـۇپ، كـۆك
ئۈنۈپ بىر غېرىچتەك بولغاندا، پاخپاقنى ئاق تىكەنگە
سانجىپ، ئۇنى كۆكنىڭ چۆرىسىگە تەكشى تىكىپ، قار
ياغقاندەك، كۆكنى قار ئوراپ تۇرغاندەك مەنزىرىنى ياـ
رىتىدۇ (ئۇيغۇرلار قارنى پاكلىقنىڭ، ئاشلىقنىڭ ـ ئۇنىڭ
سىمۋولى؛ توقلۇقنىڭ، بەرىكەتنىڭ بىشارىتى، دەپ قارايـ
دۇ. ئالايلۇق، «يېرىڭنىڭ قاردا تۇگلىغىنى ـ بېشـىـڭـنى
خۇدانىڭ ئوگلىغىنى»، «يېرىڭنىڭ قاردا توگلىغـىـنى ـ
خۇدانىڭ سېنى ئۇنىغا مىلىغىنى» دېگـەنـدەك ئـاتـىـلار

www.uyghurkitap.com



سۆزلىرىدىن بۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ). ئاندىن بىر باش سەۋزىنى پاكىز ئادالاپ، ئۇنى توغرىسىغا توغراپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ تالنى ئېلىۋېلىپ، ئاق تىكەننىڭ تىكىنىگە قۇرۇق ئۈزۈمنى تەكشى سانجىپ، ئۇلارنى ھېلىقى ئۈچ تال 360 گرادۇسلۇق چەمبەر شەكلىدىكى سەۋزىگە سانجىپ، ئۇلارنى بىر ياغاچقا ئورنىتىپ خۇددى نۇر چېچىۋاتقان قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارغا سىمۋول قىلىدۇ. بۇ «كۇنچېچەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىشلاردىن كېيىن، بىر ئاق خوراز بىلەن بىر سېرىق خورازنىڭ سۈرىتىنى قەغەزگە سىزىپ، ئۇنى قايچا بىلەن ئويۇپ، بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم نېپىز تاختايلارغا چاپلايدۇ، بۇ بىر جۈپ توخۇ سۈرىتىنى ئىككى تال تاياقچىغا بېكىتىپ، كۆكنىڭ ئۈستىگە سانجىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل شايىنى يېپىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆكنىڭ تەييارلىقى پۈتىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇپ توققۇز خىل (چىلان، ياڭاق، قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك قېقى، قوغۇن، قوغۇن قېقى، جىگدە، ئاغۇاقار، چوڭ پۇرچاق، سار پۇرچاق) يېمىش تەييارلايدۇ. كۆك (كۆك خېنىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ «كۆكخان» دېگەن سۆزنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىشىدۇر) نى بۇ يېمىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا، بىر تاۋاقتا سېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەييارلىقلار تەق بولۇشىغا، بارلىق ئىشلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەشرەپچىلەر كېلىشكە باشلايدۇ، ئۆي ئىگىسى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غىجەك، داپ، بەرباپ، قالۇن دېگەندەك سازلار چېلىنىپ، مۇقام ناخشىلىرى ئېيتىلىپ، مەشرەپ باشلىنىدۇ. ئۆي ئىگىسى كۇنچېچەكنى قولىغا ئېلىشىغا بارلىق كىشىلەر جىم بولىدۇ. ئۇ، ھوقۇقنىڭ سىمۋولى. ئۇ



كىمنىڭ قولىدا بولسا، شۇنىڭ سۆزى ئۆتىدۇ. كۇنچېچەك بىر مەشرەپ كېچىلىكىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ، يۇرۇشۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى قولىغا ئالغان كىشى باشقىلارغا: مۇقام ئېيتىپ بەر، ئۇسسۇل ئويناپ بەر، قىزىقچىلىق قىلىپ بەر، قۇشلارنىڭ سايرىشىنى دوراپ بەر، دېگەندەك تەلەپلەرنى قويالايدۇ. (قىلالمىسا خىجالەت قىلمايدۇ). كۆك ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇ ئۆيدىن ئۆيگىلا كۆچۈرۈلىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا، خارلاشقا قەتئىي بولمايدۇ. كۆكنى ئۇندۇرۇپ قويۇپ، تاشلاپ قويۇشقا، ئۇنىڭ شەرىپىگە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىككە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش قىلمىش سانىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ قەدىمكى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەتكە، كۆككە، كۆك تەڭرىسىگە تېۋىنىشىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكىدەك ئالاھىدە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى تۇرمۇشىدىكى ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. بۇ ھال باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر كېيىن بەيئەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمي، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بۇرۇن يېزىققا ئېلىنغان، ئەڭ داڭلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» تىلغا ئېلىنسىلا، ئىختىيارسىز قومۇل كۆك مەشرىپىنى ئەسلەيمەن. چۈنكى «ئوغۇزنامە»دىكى نۇرغۇن تەسۋىرىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن قومۇلدىلا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆك مەشرىپى ئارىسىدا ئاجايىپ بىر ئىچكى باغلىنىش بار. بۇنداق ئىچكى باغلىنىشنى ھازىر باشقا يۇرتلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئەگەر بىز بۇنىڭدىن تەخمىنەن 700 ـ 800 يىللار ئىلگىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىققا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى «بىر كۇنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى، بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كۆك ئىدى، ئېغىزى چۇغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى» ② (بۇ ئوغۇز خاقان تۇغۇلغاندىكى تەسۋىر) بىلەن «ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سىغىنىۋاتقاندا، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق

چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرغان. ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مەڭى بولۇپ، خۇددى ئالتۇن قازۇققا ئوخشايتتى. ئۇ شۇنداق گۈزەل قىز ئىدىكى، ئۇ كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان... ئۇنى ئالدى... تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆزى يورىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى» ③ دېگەن قۇرلار بىلەن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ سىمۋولى بىرىكتۈرۈلگەن «كۈنچېچەك»نى، «ئوغۇزنامە»دىكى «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى» دېگەن جۈملىدىكى «ئايخان» دېگەن خانىم- قىزلار ئىسمىنىڭ تەكرارلىنىش چاستوتىسىنىڭ باشقا ھەر قانداق ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكىدىن قومۇلدا كۆپ بولۇشى، «كۈن، ئاي، يۇلتۇز» سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشىنىڭ، ئالايلۇق، كۈنتامغا («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان مالغا باسىدىغان تامغا)، كۈنچىقار (شەرق)، كۈنپاتار (غەرب) دېگەندەك سۆزلەرنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ۋە باشقا يۇرتلاردا ئۇچرىماي، قومۇلدىلا ئۇچرايدىغان ئەھۋالنىڭ بىرى شۇكى، كىچىك قىزلارنى ئەركىلىتىپ ئومۇمەن «ئاي» دەپ ئاتاش بىلەن بىللە «ئوغۇزنامە»دىكىگە ئوخشاش «ئاي» دېگەن ئىسمىنىڭ يەنىلا ئەرلىك جىنسىتا كېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئايبەگ، ئايمەمەت، ئايبوۋا، ئايياقۇپ، ئايپاشا (ئوغۇللارنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى) دېگەندەك ئىسىملارنىڭ بۇ يۇرتتا ھېلىمۇ قوللىنىلىشى ھەمدە «يۇلتۇز» ئىسمىنىڭمۇ ئوخشاشلا كۆپ قوللىنىلىشى، بولۇپمۇ يۇقىرىقى ئىسىملارنىڭ قومۇلنىڭ بېيىت- قوشاقلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ.

«بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز ئولتۇراتتى، ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر - جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە (ئاھ، ئاھ، جانىنى ئالدىكەن) دەرلەر ئىدى. سۈت قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كەتتى، يۈرىكىگە ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ يەڭگىدى. ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۆك، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چوڭ توي بەردى، ئەل - جامائەتنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار كېلىپ قاتناشتى...تويدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان بەگلەرگە، ئەل - جامائەتكە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،



كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران؛
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،
ئوۋلاقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران؛
ھەم دەريا ۋە ئېقىن،
قۇياش تۇغ بولسۇن،
ئاسمان قورغان.
...
...
«مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن،
مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك ④ ».

«تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدە كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى ⑤ ».

MIRAS

ئۇيغۇرشۇناسلارغا ئېنىقكى، كۆك، كۆك تەڭرى، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بۆرە، (يالغۇز) دەرەخ، دېڭىز، تاغ، يايلاق قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئىلاھىي كۈچلەردۇر ياكى ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇنداقلا ھاياتلىقتىن نىشانە ۋە ھاياتلىقنىڭ بۇلىقىدۇر. بۇنى بىر كۆك مەشرىپى ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئۆي ئىگىسى كۆڭلى خالىغان كىشىگە كۆكنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ كېلەر نۆۋەت مەشرەپ ئۆتكۈزگىچە تۇتقاندا ئېيتىدىغان كۆك بېيىت لىرىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن،
بىرلا كۆكەردى كۆكۈم.
شاھى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل ئۆستى كۆكۈم.
ئۇل تىۋەڭدە ئولتۇرادۇ،
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈم.
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ،
گۈل زىمىستان بېغىدىن
بولمىقى، بىزگە ئەجەب.
بىر كۆرۈپ، خۇشبۇي كۆرۈپ،
قۇرغۇي تېغى بىلگىل ئەجەب.
گۈل زىمىستاندا ئاچىلىپتۇ،
سەبزى باھارنىڭ ئەگلى.
ياخشىلارنىڭ ھىلىسىدىن
سەبزە ئۈندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىڭ،
كۆكلىرى نازۇك تۇرۇر.
قول سېلىپ ئالغان كىشى،
بۇ سىچەككە ئاشىق تۇرۇر.
بۇ سىچەكنىڭ سايىسىدا،
كۆكگۈل ھەردەم ئاچىلۇر.
بۇ سىچەكنى ئالغان كىشىنىڭ،
باشىغا گۈللەر ساچىلۇر.
بۇ سىچەكنىڭ تەرىپى،
خەقلەرئارا مەشھۇر تۇرۇر.
بۇ سىچەكنى ئېلىشقا،
بارلىق كىشى ئاشىق تۇرۇر.
تاغۇ تاملاردا ئۇ سىچەك،
بۇندىن ئېگىز بارمۇ سىچەك.
كۆرسىلە كۆكلۈك سىچەك،
كۆتەرسىلە ئېغىر سىچەك.
بۇ سىچەكنىڭ سۆزلىرى،
شۇ شىگدىدۇر، شۇ شىگدىدۇر.
بۇ كۆكلەرنىڭ ئېگىزلىكى،
كۆكتىندۇر ــ پەلەكتىندۇر.
ئېگىز ــ ئېگىز ئۆيلىرىنى،
پىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا.
كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ،
چەرۋىسىنى ئوتقا قاقلىسىلا.

*　*　*

تاڭ سەھەردە چىللىغاي دەپ،
بىر جۈپ خورازنى راسلىدۇق.
يەرۇ كۆكنى بىلگەيمۇ دەپ،
بىر جۈپ قوشقارنى راسلىدۇق.

يۇقىرىقىدەك بېيىتلەر ئېيتىلىپ، كۆك تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق مەشرەپچىلەر كەينى ــ كەينىدىن ئۇق ئاتىدۇ (مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان كۈننى بېكىتىش مەنىسىدە). بۇنىڭدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ ئۆيدىكى مەشرەپ ئاخىرلىشىپ، كۆكنى خۇددى يېڭى تويى بولغان قىزنى كۆچۈرگەندەك «ھاي ــ ھاي، ئۆلەن» (بۇ دەل بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى) «كۆك ـــ بىر خىل ئاھاڭنى دەرلەر» دەپ چۈشەندۈرگەن ئاھاڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىندۇر. چۈنكى قومۇللۇقلار ھازىرمۇ كۆكۈلمەيدان، چىمەنزارلىقلارنى «ئۆلەڭ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مۇقامنى پەقەت بىرى تويى بولغان قىزلارنى كۆچۈرگەندە، يەنە بىرى كۆكنى كۆچۈرگەندىلا ئېيتىدۇ، ئېيتا ــ ئېيتا يېڭى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىدۇ. كۆكنى قوبۇل قىلغۇچى بېيىت ئېيتىپ تاپشۇرۇۋالىدۇ. تۇنجى قېتىم مەشرەپ ئۆتكۈزگەن كىشى بىر جۈپ قوشقارنى ئۆزى كۆكنى تۇتقان كىشىگە تارتۇق قىلىدۇ. مەشرەپ شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ، 3 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى كۈن بىلەن تەڭلەشكەن كۈنى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ نەزەرىدىكى يېڭى يىل كۈنى ياكى نورۇز كۈنى قومۇللۇقلار باھار مەشرىپى ئۆتكۈزىدۇ (بۇ چاغ دەل تەبىئەت يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن، ئېتىزلاردا كۆك چىققان، قوزىلار تۇغۇلغان مەزگىل بولۇپ، بۇ ئاينى قوزا ئاي دەپ ئا-

تايدىغان ئادەتمۇ بار). بۇ كۈنى باھار مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغان يەردىكى سۇ بېشىغا چىقىپ، كۆككە ئاتاپ دۇئا قىلىپ، ئۇنى سۇغا ئېقىتىۋېتىدۇ. بۇنى كىشىلەر كۆك كۆكلەمگە ئۇلاشتى، بۇ ئىزگۈلۈكنىڭ بېشارىتى، دەپ شادلىنىشىدۇ.

باھار مەشرىپىدە كىشىلەر بۇغداي ئۇندۇرمىسىدىن تەييارلانغان «نورۇز ئېشى» دەپ ئاتىلىدىغان تاماقنى يوغان داشقازانلاردا ئېتىپ يېيىشىدۇ. بۇ كۈنى ھەممە ياق باھار تەنتەنىسىگە چۆمىدۇ. چوڭلار چېلىش، ئات بەيگىسى، قارىغا ئېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئېيتقاقلار مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ، ئۇسسۇلچىلار چاقپەلەك ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى، ئارغىماق ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئويناپ، كەيپىياتنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. باللار بىر قىزنى «باھار قىزى» قىلىپ تاللاپ، ئۇنى تۈرلۈك گۈل - چېچەك، چۆكانتاللار بىلەن بېزەكلەپ، ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇپ، باھار پۈشتىكى چېلىش، گۈلەگۈچ ئۇچۇش، ئوقتاش ئويۇنى، لەگلەك ئۇچۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

نورۇز قوشاقلىرىدىن ئۈلگە:
شۇغۇن كېچە، نورۇز كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سىرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
قارلىغاچ، تۇرنا جۈپ كېلۇر.
گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ،
يۇرتقا شادلىق ئەپ كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

قىش كېتىپ باھار كەلدى،
تۈن كېتىپ ناھار كەلدى.
...
...



باھار مەشرىپىنى بىر كۈن خۇشال - خۇرام ئۆيىنىغان كىشىلەر ئەتىسىدىن باشلاپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

«ئۆتۈپ قالماسلىق كېرەك، كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك، ئوغۇز خاقانىنىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغانىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرستىپ تۇراتتى. ئۇيقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەچكەنلىرىنى ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

‹ھەي، خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن،

ھەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل - نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛

كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا بېشارەت،

ئىشغال قىلغان يەرلىرىن ئۇرۇقىڭغا بولۇپ بەرسۇن دەپ› ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ھەمدە ‹ئېيتقىنىڭ كەلسۇن› دېدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، باللىرىنى چاقىرىپ كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى: ‹ھەي ئوغۇللىرىم، ئوۋنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ، ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئوۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئۇچۇڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار. ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۇچۇڭلار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىڭلار›.بۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە، قالغان ئۈچى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى.

ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى. نەۋكەرلىرىنى، ئەل ـ جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ كېڭەش قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا...ئوڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۇۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۇۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى» ⑥.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك مەشرىپى بىلەن «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن بىز كۆك مەشرىپى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان «ئوغۇزنامە»دىكى تۇرمۇش ئارىسىدا ئاجايىپ زور ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى قىينالمايلا كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردە شۇنى ھەم ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇكى، بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى راھىلە داۋۇت خانىم مېنىڭ ئىشخانامغا بىر چەت ئەللىك ئالىمنىڭ ۋېنگرىيىنىڭ چەت بىر يېزىسىدا تارتقان رەسىملەرنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ رەسىملەردىكى كىيىملەر قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كونا كىيىملىرىگە بەك ئوخشايدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ماۋۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈش قومۇلنىڭ كۆك مەشرىپىدىكى كۆككە ئوخشاپ قالدىكەن. سىز ئىزدىنىپ باقسىڭىز» دەپ ماڭا شۇ رەسىملەرنى بېرىپ تۇرغانىدى.

شۇ رەسىملەردىكى ۋېنگرىيىلىك ئاياللار كىيگەن كىيىملەر بىلەن بىزنىڭ ئانىلىرىمىز كىيىپ يۈرگەن كىيىملەردە خېلىلا زور ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ، بىر قانچە ئايال بىر پەتنۇستا كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆك ئۇندۇرمىسىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىر ئۆسۈملۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ



چۆرىسىدىمۇ قومۇل كۆك مەشرىپىدىكى كۆكنىڭ چۆرىسىدىكى قارنىڭ سىمۋولىغا ئوخشاپ قالىدىغان بىر نەرسە تۇراتتى (ئۇ رەسىمنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇ رەسىملەرنى راھىلە داۋۇت خانىم كېيىن يوقىتىپ قويۇپتۇ).

شۇ چاغلاردا مەن كۆك مەشرىپى ھەققىدە بىر ماقالە يېزىۋاتقانىدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ رەسىملەردىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئائىت بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قالسام، ماقالەمنى يازاي دېگەن ئويدا يۈرۈپ، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ئەمما، ۋېنگىرلارنىڭ خەلق چۆچەكلىرى، ناخشا ئاھاڭلىرى، نەقىش، كەشتە، كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق چۆچەكلىرى، ناخشا ئاھاڭلىرى، كەشتە، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر نامىدا خېلى زور ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. بۇنداق بولۇشى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ ۋېنگرىيىگە كەتكەنلىكى، ئۇيغۇرلار بىلەن ھۇنلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى، شۇ كۆچۈش جەريانىدا بىر قىسىم ھۇنلارنىڭ قومۇل بارىكۆل ئەتراپلىرىدا قېلىپ قالغانلىقى تارىخچىلارغا سىر ئەمەس. ئەگەر بىز ۋېنگرىيىنىڭ خەلق مەدەنىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولساق، ئەگەر ۋېنگرىيىدىمۇ كۆك مەشرىپىدەك بىرەر پائالىيەت ھەقىقەتەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا كۆك مەشرىپىنىڭ بىر ئىنتايىن قەدىمىي مەشرەپلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت گىنىنى تەكشۈرۈشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولۇپ قالىدىغانلىقى بىلىم ئىگىلىرىنى سۆيۈندۈرۈشى تۇرغانلا گەپ!

ئىزاھلار:

① ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكەتۇل لۇغەتەيىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 70 ـ بەت.

② «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 40 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 44 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب 46 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 48 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب 61 ـ بەت.

ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى

# ماقال - تەمسىللەر

*مەن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، 2000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاش، ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، سەيلە - ساياھەتتە بولۇش ئۈچۈن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقتىم. ھەر قېتىم بارغىنىمدا شىنجاڭدىن چىقىپ، شۇ دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇڭداشتىم، سىرداشتىم. ئۇلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى، مەڭگۈ ئەستىن چىقماس ۋەقەلەرنى ئوبرازلىق ھەم يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە مۇراجىئەت قىلاتتى. بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان پېشقەدەملەرنىڭ روھىي ھالىتى، كىشىلىك قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، كۆڭۈل خاتىرەمنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىگە يېزىلغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى رەتلەپ نەشرگە سۇندۇم.*

1. ئالتۇن - كۈمۈش ياغقان يەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر ئارتۇق.
2. كىتابسىز ئۆي—جانسىز تەن.
3. ئىبرەت ئالغىڭ كەلسە، چەت ئەلگە چىق.
4. ئالىمى كۆپ ئەل گۈل بولىدۇ،
هاكىمى كۆپ ئەل كۆل بولىدۇ.
5.نوغاي بولماي، ئوڭاي بولماس.
6. ئادەمنىڭ ئېسىلى ئالتۇن دەپ ئۆلمەس،
خەلقىم دەپ ئۆلەر.
7. راھەت بولسىمۇ تۇرغان يەر،
سېغىندۇرار تۇغۇلغان يەر.
8. ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىماي، ئېلىڭ توغرىسىدا ئويلا.
9. ئېلىدىن ئايرىلغانىنىڭ قانىتى قايرىلار.
10. جاھىلنى تۇرمۇش بابلار،
گولنىڭ ئىشىنى خۇدا ئوڭشار.
11. پىرىغا بېقىپ مۇرۇت، ساقالىغا بېقىپ بۇرۇت.
12. ئوقۇغانلار كۆپ، بىلىملىكلەر ئاز.
13. ھالال تاپقانغا ئامەت كېلۇر،
هارام تاپقانغا لەنەت (كېلۇر).
14. ئېيتسام سەت، ئېيتمىسام دەرد.
15. چايان بىراۋنى چاقمىسا،
ئۆزى زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ.
16. چاينىڭ گۈلى - نان.
17. پادىشاھىڭ قاشقىر بولسا، سەن تۈلكە بول.
18. جەننەت ئەرزان خېرىدار يوق،
دوزاخ قىممەت خېرىدار كۆپ.
19. ئۈمىد ئۆرىگە، ئۈمىدسىزلىك گۆرگە باشلايدۇ.
20. تەپكەنگە تېپەك، يولۇققانغا بوزەك.
21. قۇشقاچلار چىرىك - چىرىك،
ئۆتىدۇ تىرىكچىلىك.
22. يۈز يىلقىدىن بىر يورغا چىقار،
مىڭ يىلقىدىن بىر تۇلپار (چىقار).
23. باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر،
چۆلدە قالغان سالما (كۆرەر).
24. ئۈمىد قىلساڭ گۈمبەز قوپىدۇ.
25. تاياقنىڭ ئىزى كېتەر،
ئوكۇلنىڭ دېغى كەتمەس.
26. كۈيئوغۇل يۈز يىللىق، قۇدا مىڭ يىللىق.
27. بۇلبۇل بېغىدىن ئايرىلمىسۇن،
بۇركۇت تېغىدىن ئايرىلمىسۇن.

28. تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر قېرىماس.
29. كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ يۇملاق بولىسەن،
تەرخەمەك ئىچىدە ئۆسسەڭ ئۇزۇنچاق بولىسەن.
30. خەمەكنىڭ پەلىكى ئايرىم بولسىمۇ، يىلتىزى بىر.
31. هاراق بىلەن دوستلاشقىنىڭ ــ سالامەتلىك بىلەن خوشلاشقىنىڭ.
32. مەستنى ئايغى ماڭدۇرماس، هارىقى ماڭدۇرار.
33. دەرەخنىڭ يۆلەنچۈكى يىلتىزى،
ئادەمنىڭ يۆلەنچۈكى دوستلىرى.
34. كۆڭۈل ئېرىمىسە، كۆزدىن ياش چىقماس.
35. ئادەمنىڭ ئەينىكى ئادەم.
36. مېھمان ئەتىگەندە ئالتۇن،
چۈشتە كۈمۈش، كەچتە مىس.
37. تىلغا ئېتىبار ــ ئەلگە ئېتىبار.
38. مەنسەپتىن قالغان ۋەزىرگە ئىتمۇ قاۋىمايدۇ.
39. ئالمىغان باشاق يەردە جىق،
ئاڭلىمىغان قوشاق ئەلدە جىق.
40. كېسەل تەننىڭ سەدىقىسى.
41. سامان ئارىلاشمىغىچە لاي بولماس،
يالغان ئارىلاشمىغىچە باي بولماس.
42. گۆشنىڭ ياخشىسى قارتىدۇر،
ئەسلى نەسلىگە تارتىدۇر.
43. ئادەمنى ئەمگەك باقىدۇ،
هۇرۇنلۇق چەتكە قاقىدۇ.
44. جان دېگەن قازاننىڭ هورى.
45. سەن ئۇنى سىيلىساڭ، ئۇ سېنى سىيلايدۇ.
46. ئايرىلغان ئازار، قوشۇلغان ئوزار.
47. كۆپ بىلەن كۆرگەننىڭ هەممىسى توي.
48. تۈز تېتىتقۇنىڭ پادىشاهى.
49. كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەرنىڭ ئوتى مىلىك يىللىق.
50. بىلىملىك پەم بىلەن ئۆتەر،
بىلىمسىز غەم بىلەن ئۆتەر.
51. يات كەتتى ئۆز قالدى، ئاخىرىدا بىز قالدى.
52. چەتنى كۆرگەن ئېشەكتىن قورق.
53. شاپائەتلىك ئوزار،
شاپائەتسىز بۇزار.
54. مەدەنىيەتسىز كىشىنىڭ سۆزى ــ تۆگۈزىنىڭ بويىنىغا مارجان ئاسقاننىڭ ئۆزى.
55. بالاڭدىن بۆلۈپ ئايرىلسەن، نەۋرەڭدىن ئۆلۈپ ئايرىلىسەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد زامان (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)



## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە هەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ــ ئادەت، كىيىم ــ كېچەك، يېمەك ــ ئىچمەك، مۇقام، خەلق ناخشىلىرى، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول هۈنەر ــ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باهالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

هۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ــ (0991)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە دەپنە ئادەتلىرى



ئەمەر ھوشۇر

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتىمدىن كېيىن ئېتىقاد قىلغان دىنى شامان دىنى بولۇپ، شامان دىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. جۇنەيد بەكرى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى پېشانىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ ھۆركىرەپ يىغلاشقان، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ۋە مىنگەن ئېتى، شۇنداقلا ئۆلگۈچى ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى ھەم دەپنە قىلغان».

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زاماندا قۇياشنىمۇ تەڭرى دەپ بىلگەن. نەتىجىدە قۇياشنىڭ ئاق نۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاق رەڭگە ئېتىقاد قىلىش كېلىپ چىقىپ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ «ئۇ ئالەملىكى» خەيرلىك بولۇش ئۈچۈن ئادەم ئۆلگەندە ئىككى ۋە باشمالتاق پۇتلىرىنى ئاق لاتا بىلەن چىتىش، ھازىدار ئەرلەر بېشىغا ئاق سەللە يۆگەپ، بىلىگە ئاق بەلۋاغ باغلاپ قارلىق تۇتۇش، ئاياللار ئاق رومال ئارتىپ، ئاق بەلۋاغ باغلاپ قارلىق تۇتۇش، مۇردىنى ئاق رەختكە ئوراپ يەرلىككە قويۇش، جىنازىغا ئاق يوپۇق يېپىش، زاراتكارلىققا ئاق ئەلنەم ئېسىپ قويۇش بىلەن تەڭرىدىن ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇشقان. ئۇنىڭدىن باشقا مانى دىنى، نىستۇرىيان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىمۇ شۇ دىنىنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۆلۈم قارىشى ۋە ئادەتلىرى شۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت يەنە يېڭى قاراشلار كېلىپ چىققان، يەنى ئادەم ئۆلگەن بىلەن روھ ئۆلمەيدۇ، جان تەندىن چىقىپ چۈشىن سۈرىتىدە ئۆيگە كېلىپ تۇرىدۇ، دەپ، يوغان چۈشىن ئۆيگە كىرسە «روھ چۈشىن» دەپ بۇي سىلىپ، روھلارغا ئاتاپ دۇرۇت ئوقۇيدۇ. تۇپراق بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ، خۇدادىن ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. ئادەم ئۆلۈپ يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىن كېيىن ئادەم تىرىلىدۇ، پەرىشتىلەر سوراق باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئادەم ئۆلسە

www.uyghurkitap.com



هۆركىرەپ يىغلاش، ئاق رەڭگە ئېتىقاد قىلىش، پۈتۈنلەي ئاق رومال، ئاق سەللە، ئاق بەلۋاغ بىلەن قارلىق بولۇپ قارا كىيىم ئۈستىگە ئاق چىگىپ ياكى پۈركۈنۈپ ئۆلگۈچىگە ئاق يول تىلەش، تۇپراق بېشىغا ئۈچ بۇرجەك ئاق لاتىنى ئېسىپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەرنى قوللىنىپ، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۆلۈم قارىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بىر قاتاردا ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. تاكى ھازىرغىچە زاراتكارلىقتا مۇشۇ مەزمۇندىكى ھەر خىل بەلگىلەر دائىم كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ بەلگىلەر مۇقەررەر بىرەر مەناغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارىشىنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھازىرقى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىگە كەلسەك ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھازىدارلار ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سىرتقا چىقىپ تۇرۇپ يىغلىشىدۇ. يىغا ئاۋازى قولۇم- قوشنا ۋە ئەھلى- مەھەللىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن جامائەت دەرھال بىر- بىرىگە خەۋەر قىلىپ، يىغىلىپ يېتىپ كېلىدۇ (ئىلگىرىكى ئەھۋاللاردا ئۆيمۇئۆي نامازغا ئېيتىش ئادەتلىرى بار ئىدى). ھازىدارلارنىڭ ئەرلىرى بېشىغا ئاق باش كىيىم كىيىپ يېقىنلىرى سەللە يۆگەيدۇ. باشقىلىرى ئاق تۇماق ياكى ئاق دوپپا كىيىدۇ، بېلىنى ئاق بەلۋاغ بىلەن باغلايدۇ. قارا ياكى ئاق كىيىم كىيىدۇ، ئاياللار ئاق كۆڭلەك، قارا چاپان كىيىپ، بېلىنى ئاق بەلۋاغ بىلەن باغلايدۇ. يوغان ئاق رومالنى پۈتۈن گەۋدىسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئېچىپ سىلىپ بېشىغا ئاق «قىزغاچ» چىگىپ ئۈچىنى ئىككى تال چاچقا ئوخشاش تاپىنىغىچە رومال بىلەن تەڭ ساڭگىلىتىپ قويىدۇ. ھازىدار ئەر- ئاياللارنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ ئۈنلۈك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلىشىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. كەلگەنلەر ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ، باشلىغان جايغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. جامائەت يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مېيىتنى كېپەنگە ئېلىشتىن بۇرۇن تاختايدا ياتقۇزۇپ پاكىز يۇيۇپ غۇسۇل قىلدۇرىدۇ. بۇنى «سۇغا ئېلىش» دەيدۇ. مېيىتنى غۇسۇل قىلدۇرغانلىقى ئادەم دۇنياغا پاك تۇغۇلغانىكەن ئاللانىڭ دەرگاھىغىمۇ پاك قايتىشى كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنى كېپەنلەيدۇ، كېپەن ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ. كېپەنلىك— ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاشلا ئۈچ قەۋەت بولىدۇ. بىرىنچىسى، «ئىزھار» دېيىلىدۇ. بۇ كالتە كۆڭلىكى بولۇپ، تىزنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى: «قەمىس» دېيىلىدۇ. بۇ كۆڭلىكى تىزدىن سەل ئاشىدۇ. ئۈچىنچىسى: «لىپايە» دېيىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن كۆڭلىكى بولۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدىن بىر سىقىم، باشنىڭ ئۈستىدىن بىر سىقىم ئاشىدۇ. كېپەنگە ئېلىشتا ئىچىگە لىپايە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەمىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزھارنى كىيدۈرىدۇ. بىر- بىرلەپ يۆگەپ بولغاندىن كېيىن ئاخىردا لىپايىنىڭ ئىككى ئۇچىنى بوغىدۇ. كېپەنلەش شەكىل جەھەتتىن ئىچىگە ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتە ياكى بەكرەك كالتە چاپان كىيگەن كىيىنىش ئادەت فورمىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاياللارنىڭ «سىنەبەنت» (كۆكرەك تاڭغۇچ) بىلەن «لىچەك» (رومال) ئىككىسى ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆكرەكنى تېڭىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنى لىپتىك دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇ ئادەت ھاياتلىق ئوبرازىنىڭ ئىپادىلەرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ خېلى بۇرۇنلا كۆكسىنى تېڭىش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەرلەر مەسچىتتە سەپ بولۇپ تىزىلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھازىدار تەرەپ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىرى جىنازىنى بەس- بەس بىلەن كۆتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا ئاپىرىدۇ، ھازىدار تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك يىغلاپ ماڭىدۇ، تۇپراق بېشىغا بارغۇچە 100 مېتىردا بىر توختاپ مېيىت ھەققىدە دۇئا قىلىپ ناھايىتى ئاستا ماڭىدۇ.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يۈزىنى داكا بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئۇرۇق- تۇغقان، بالا- چاقىلىرى كەلگەندە يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈۋالىدۇ، لېكىن ئەر- خوتۇن بولسا كۆرۈشكە بولمايدۇ (بۇ ئادەت مۇتلەق ئەمەس، بەزى جايلاردا ئەر- ئاياللارنى ۋىدالىششقا رۇخسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتا شۇنداق- م). چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نىكاھ ئاجرايدۇ، جان ئۈزگەندىن كېيىن ئەرنىڭ جامالىنى ئايالى ياكى ئايالىنىڭ جامالىنى ئېرى كۆرۈپ قالسا نامەھرەم بولىدۇ، دەيدۇ. مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن بېشى تەرەپكە قۇرئان بىلەن جاۋابنامە (بۇ ئادەتمۇ مۇتلەق ئەمەس. قۇرئان بىلەن جاۋابنامە قويۇش ئومۇملاشمىغان

ئادەت ـ م) قويۇپ قويىدۇ. قۇرئان ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىپادىلىسە، جاۋابنامىنى يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندە ئادەم تىرىلىدۇ، پەرىشتىلەر سوراق قىلغاندا جاۋاب بېرەلمىسە ئوقۇپ بېرىدۇ، دەپ قويۇپ قويىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئىگىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى ياكى مۇناسىۋەت نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ: «قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ كۆپچىلىكتىن سورايدۇ. جامائەت بىردەك ئاۋاز بىلەن: «سائادەتمەن، ناھايىتى ياخشى كىشى ئىدى» دەپ باھالاپ بېرىدۇ. مېيىت كۆمۈلگەن كۈنىدىن باشلاپ تۇپراق بېشىغا چېدىر تىكىپ ئۈچ كۈنگىچە قۇرئان ئوقۇيدۇ (بۇ ئادەتمۇ مۇتلەق ئومۇملاشمىغان ـ م). كېچىسى تاڭ ئاتقىچە بىرقانچە ئادەملەر نۆۋەتلىشىپ ھەر ئون مىنۇتتا بىر قېتىمدىن «ئەزان» توۋلايدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسىدە «ئەزان» نىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا يول يۈرۈشكە، ئۆرە تۇرۇشقا، سۆز قىلىشقا بولمايدىغان بولغاچقا، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن پەرىشتىلەر ئۆلگۈچىنى سوراق قىلىپ قىين ـ قىستاققا ئالىدۇ. «ئەزان» توۋلىغاندا پەرىشتىلەر ھەرىكەت قىلالمايدۇ، بۇ چاغدا سوراق قىلىنىۋاتقان ئۆلۈك ئارام ئېلىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ئادەم بۇ ئالەمدە قانداق كىيىنىپ يۈرگەن بولسا، ئۇ ئالەمدىمۇ شۇنداق يۈرىدۇ» دەپ قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سۇغا ئالغانلارغا نەزىر قىلىشتىن باشقا يوتقان، تەكىيە، كۆرپە، كىگىز، چىنە، تاۋاق، قوشۇق، جەينىماز قاتارلىق ھايات ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىردىن نەزىر قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگۈچىگە يېتىپ بارىدۇ، لازىمەتلىك نەرسىلەردىن قايسى نەرسىنى بەرمىسە، ئۇ ئالەمدە شۇ نەرسىنىڭ خىجىلچىلىقىنى تارتىدۇ، دەيدۇ. بولۇپمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ يېڭى، پاكىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىدۇ. بۇ ئادەت شامان دىنى ئەقىدىسىدىكى «تىرىك ئادەمگە نېمە كېرەك بولسا، جانغىمۇ شۇ نەرسە كېرەك بولىدۇ» تەسەۋۋۇرى بىلەن ئويمۇئوخشاش، ھازىدارلارنىڭ ئۆلۈك توۋلاپ يىغلاشلىرىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھازىدارلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۈچ نەزىر، يەتتە كۈندە بىر قېتىم يەتتە نەزىر، قىرىق كۈندە بىر قېتىم قىرىق نەزىر ۋە بىر يىل بولغاندا بىر قېتىم يىل نەزىر بېرىپ، جەمئىي تۆت قېتىم نەزىر قىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلىشى ئۈچۈن جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش، قىرىق كۈنگىچە بېلىگە ئاق بەلۋاغ باغلاپ قارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ قارلىق تۇتۇش، چېچىنى ئالدۇرماسلىق قاتارلىق ئادەتلەر ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئادەت بولۇپ سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، بەزى مەلۇم دىنىي مەلۇماتقا ئىگە ئايرىم مەزھەپچىلەر بولسا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئادەم ئۆلسە قارلىق بولۇش، نەزىر بېرىش، يىغلاش قاتارلىقلارنى ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ دەپ قاراپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇلارمۇ (ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلىدۇ) قارىشىنى ئوخشاشلا تەرغىب قىلىدۇ. خەلق ئاممىسى بولسا قەدىمدىن ئۇدۇم كەلگەن چۈشەنچىسى بويىچە ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە دەپنە ئادەتلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدا كۆپ خىل دىنلارنىڭ ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ تەسىرلىرى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە دەپنە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى چۈشىنىشكە ۋە تېخىمۇ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (مەجمۇئە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

2. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، 72 ـ بەت.

3. «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم (مۇھەممەد ئوسمان).

4. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى 1 ـ قىسىم. (1983 ـ يىل 11 ـ ئاي).


ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە.



ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن كروران

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى

چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۈچۈڭنىڭ بارىدا يۇرت كەز.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەممە نېمە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان، ھەممە ئىش پۇل بىلەن بولۇۋاتقان، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر بازارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئىچىدە بويۇن قىسۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، يازغۇچى ـ شائىر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئىش بىرەر ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە ياكى بىرەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋېلىش بولسا كېرەك. چۈنكى ھازىر مىڭ تەستە يېزىلىپ، يەنە مىڭ تەستە يورۇقلۇققا چىقىۋاتقان ئەسەرلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەلەم ھەققى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ۋاقتىدا تارقىتىلمايدىغان ياكى تارقىتىلسىمۇ ناھايىتى ئاز تارقىتىلىدىغان ئەھۋال ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقنىڭ بىرىگە ئايلانغان. لېكىن، يازغۇچى ـ شائىرلار بۇنىڭغىمۇ رازى، سەۋەب يازمىلىرى ئېلان قىلىنسىلا، ئۇلارنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ، قالغان ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇزىكانتلار، ئۇسسۇلچىلار، ناخشىچىلارغا قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ ئانچە پۇلغا يارىمايۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۇرمۇش رىتىمى كۈنسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ دەۋردە جىددىيچىلىك ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ داۋاملىق يېزىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ئۇدا باستۇرۇپ كەلگەن قارا كەلكۈندەك ئۆزلۈكسىز قاپسىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر نەرسە خۇددى تەنگە چىققان جاراھەت پىشقان ھامان سىقىۋەتمىسە ئادەمگە ئاراملىق بەرمىگەندەك، ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرىنى بىئارام قىلىدۇ. ئىچىدىكى توشۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەمنى، ھېسسىياتىنى يېزىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىقلا بۇ بىئاراملىقتىن خالاس بولالايدۇ. بۇ ھازىرقى بازار رىقابىتىنىڭ كۈچلۈك قورشاۋىدا ئۆز قىممىتىنى تېپىش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان ئەدەبىيات ئۈچۈن، شۇنداقلا ئەدەبىياتچىلار ئۈچۈن ئۆزلىرى تاپقان ئەڭ چوڭ تەسەللى.

مەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر يازغۇچىلارغا ئورتاق بولغان ئاشۇنداق ناخۇش تۇيغۇدا ياشاۋاتقان 2005 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن سېلىنغان ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئايان بولدىكى، 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خۇنەن ئۆلكىسىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدىكەن. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ماقالە ئەۋەتىشىمىز كېرەك ئىكەن. كۆڭلۈم ياشىرىپ كەتتى. بۇ قالتىس بەلەن پۇرسەت ئىدى. بولۇپمۇ مەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتى ھەققىدە يېڭى

ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشتىكى تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. مەن شۇ ھامان ماقالە يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر يەنىلا تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى قېدىرىشنى لايىق تاپتىم-دە، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتمولوگىيىسى، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە نەزەر» ناملىق ماقالىنى پۈتكۈزۈپ، ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە يىغىن تەييارلىق گۇرۇپپىسىدىكى مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىمىن ئابلا ئەپەندىگە ئەۋەتتىم.

**چاڭشا سەپىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە**

2006-يىلى 4-ئاينىڭ بېشىدا يىغىننىڭ ئېچىلىشى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئايان بولدىكى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 5-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بولغىنىدا، بۇ يىغىن ئالدىنقى يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما شۇ يىلى 9-ئايدا مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ قالغاچقا، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋاقتى بۇ يىلغا سۈرۈلگەنىدى.

مەن ھاياجانلاندىم. چۈنكى يېشىم 40 تىن ھالقىغىچە بولغان مۇشۇ ئۆمرۈمدە شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان قۇمۇل شەھىرىنىڭ نېرىسىغا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ باقمىغانىدىم. بۇ قېتىملىقى بىرىنچى قېتىم بېرىشىم بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ سەپىرىم مېنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ھەققىدە بىۋاستە چۈشەنچىگە، ھاياجانلىق تەسىراتلارغا ئىگە قىلاتتى. ئۇقۇشسام، كورلىدىن بۇ قېتىملىق يىغىنغا بارىدىغان باشقا ئادەم يوق بولۇپ چىقتى. دەرھال ئىمىن ئابلا ئەپەندىگە تېلېفون بەردىم. مەقسىتىم ھەمراھلىققا پىكىرداشلارنى تېپىش ئىدى. دېگەندەك ئىمىن ئابلادىن نۇرغۇن دوستلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئاخىر ئۇستاز تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىللە ماڭىدىغان بولدۇق.

ئايالىم تۈجۈپىلەپ قورۇپ بەرگەن قوي گۆشى كاۋىپى بىلەن لوپنۇرلۇق دوستۇم ئەۋەتىپ بەرگەن لوپنۇر توقىچىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئاتلاندىم. بىز 5-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى 11:32 دە ماڭىدىغان بولغاندۇق. يالقۇن روزى، ئىمىنجانلارنىڭ ئۇزىتىشى بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا چىقتۇق. ۋاھ! پويىز كۈتۈش زالىدا مەن تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان زىيالىي سۆھبەت بىر توقاي ئەر-ئايال ئۇيغۇرلار ئولتۇراتتى. 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، پويىزدا 50 سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا تۈگىتىپ بولغىلى بولىدىغان بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان بۇ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان باشلىق مۇئەللىملەر ھەممىمىزگە ئاستىنقى كارىۋاتتىن بېلەت ئالغانىدى. مەن ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچى ئەكبەر قادىر بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇن ئىدىم. ئىككىمىز كىتابلىرىمىزنى تەقدىم قىلىشىش ئارقىلىق تونۇشۇشنى باشلىدۇق. مەن ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى جىق ئوقۇغانىدىم، ئۇ ھەقىقەتەن تىرىشچان ئىدى. غۇلجىلىققا خاس چاقچاقچى ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگىچە كۆرسىتەتتى.

پويىز بوستانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قاقاسلىققا سوزۇلدى. بىز قوشنا ئورۇندىكى غەيرەتجان ئوسمان، ئوسمان ئىسمائىل تارىمى، ئابدۇشۈكۈر موللەك، مۇھەممەد ئەيسا جامى قاتارلىق مۇئەللىملەرنى مەركەز قىلىپ ئەدەبىي، تارىخىي پاراڭلىرىمىزنى باشلىدۇق. ئارىمىزدا خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسلەرمۇ باردەك قىلاتتى. ئەسلىي گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندە كەڭسۇدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچكەن ۋە قامچى (گەنجۇ) ئۇيغۇر خانلىقى دېگەن خانلىقنى قۇرغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، ھازىر ئۇلار ئىسلام دىنىدا ئەمەس ئىدى. خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار بولسا، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن بارغان ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئىدى.

بىللە ماڭغانلار ئەتىسلا تونۇشۇپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ

بەزىلىرىنى مەن تونۇمايدىكەنمەن. لېكىن ئۇلار شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۇرەتكە ئېلىپ تارقاتقان 2006 ــ يىللىق «مەرھابا نورۇز» سەنئەت كېچىلىكىدە مەن ئوقۇغان «40 ياشلىق ئەرلەر» ناملىق شېئىرىمنى ئاڭلىغانلار بولغاچقا، مېنى بىر كۆرۈپلا تونۇپتۇ. شۇ شېئىرىمنى مۇشۇ نەق مەيداندا يەنە بىر ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ھاڭ كىچىكلىگەندەك بولدى.

تۇن قاراڭغۇسى ئەتراپقا يېيىلدى. پويىز بىر خىل رىتىمدا تاراقلاپ گاھ تاغ ئارىسىدا، گاھ چۆللۈكلەردە كېتىپ باردۇ. بىر چاغدا «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش ــ رەتلەش ئىشخانىسىدىكى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇقنىڭ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى بىلەن ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ پويىز زىياپىتىنى باشلىۋالدۇق. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇشۇكۇر مۇللەك مۇئەللىم بىلەن ئوسمان ئىسمائىل تارىملار ئۆز سەرگۈزەشتىسىگە ئاساسەن رەتلىۋالغان چاقچاقلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ كەلپىن ئاھاڭىدا سۆزلىگەن يۇمۇرىستىك بايانلىرى ھەممەيلەننى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇنىڭ پاراڭلىرى تۈگىيدىغاندەك قىلمايتتى. بىزمۇ ئاڭلاپ قاندىغاندەك ئەمەس ئىدۇق. قارىغاندا ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم سورۇنىمىزدىكى ئەڭ قىزىقچى، ئىنكاسى ئەڭ ئىتتىك ئادەم ئىدى... ۋاگوندا قايسىدۇر بىر ئۇيغۇرچە رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدىن ياڭرىغاندەكلا يۇرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققان، ئۇيغۇرغىلا خاس بولغان كۈلكە ــ چاقچاق سادالىرى توختىماي كۆتۈرۈلەتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ رەھمەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىكى جەڭدىن كېيىنكى مەشرەپ كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئەجدادلىرىمىز ئاشۇنداق ئۇرۇش يىللىرىدىمۇ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەنلىرى چىشلىرىنى بىلەپ تۇرسىمۇ، پوستلارنىڭ قاراۋۇللۇقىدا جەڭ ئارىلىقلىرىدا ئەنئەنىۋى نەغمە ــ ناۋالىرىنى، مەشرەپلىرىنى توختىتىپ قويمىغانىدى. ئۇلار مەيلى بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىسۇن، ھاياتتىن قانداق چاغدا، قانداق ھۇزۇر ئېلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى... ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرنىڭ «يول ئازابى ــ گۆر ئازابى» بولغان بۈگۈنكىدەك ئۇزۇن سەپەردىمۇ خۇشاللىق تېپىپ ماڭالىشىمىز ئۇلاردىن كەلگەن قاننىڭ تومۇرلىرىمىزدا لەڭ ئۇرۇپ دولقۇنلىشىدۇر بەلكىم... بىردەمدىن كېيىن قوشنا ئورۇنلاردىكى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى پەرىدە ئەمىن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرى ئامىنە ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى، چىمەن نەجمىدىن، گۈلزەپەر، خۇرشىدە قاتارلىق دوتسېنت، پروفېسسور، تەتقىقاتچى، مۇھەررىر ئايال ھەمراھلارمۇ بىر ــ بىرلەپ ئەتراپىمىزغا ئولاشتى. پاراڭلار ئۈزۈلمەيتتى. كۈلكە سادالىرى پات ــ پاتلا ياڭرايتتى. ھەر بىر ئادەم نۆۋەت بىلەن نومۇر ئورۇندايتتۇق. نومۇر ئورۇنداش دېگىنىمىز بىرەر يۇمۇر ياكى شېئىر ــ قوشاق ئېيتىش ئىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ھاراق ئىچمەسلىكىم بەدىلىگە قوشاق ئېيتىشىم لازىم بولۇپ قالدى. مەن ئۆزگىچىرەك بولسۇن ئۈچۈن ئۆزۈم يادلىۋالغان لوپ قوشىقىنى ئاھاڭى بويىچە سورۇنغا تەقدىم ئەتكەن بولدۇم:

مەن بارىمەن دەريا بويىنى بويلاپ،
كۆڭلۈم يارىم، بالىقلار ئويناپ ــ ئويناپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە،
قىزىل گۈلۈم، مەن سىزنى تولا ئويلاپ.

تولا ماڭسىپ قاپىرىپ كەتتى پۇتۇم،
زېرىكمەيمەن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم.



2006.5

قىزىل گۈلۈم سەن يادىمغا يەتكەندە،
لاچىن بولۇپ قانات تاقاپلا ئۇچتۇم.
—يەنە بىرنى !!!.

كۆپچىلىككە لوپ قوشىقىنىڭ ئۆزگىچە ئاھاڭى ياققان بولسا كېرەك، كەيپچىلىكتە يەنە ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. مەن يەنە باشلىدىم:

بالىق بولۇپ ئارىغىڭدا ئاقايمۇ،
ئالما بولۇپ يانچۇقۇڭغا پاتايمۇ؟
ئۈچ كۈن بولدى چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
خاپا بولساڭ، بۇ شەرىڭدىن كېتەيمۇ؟
—يەنە بىرنى!!!
تولا ئىكەن بۇ قويلارنىڭ ئالاسى،
تاتلىق ئىكەن ئىككى يۈتنىڭ...

كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلگەننىڭ دەستىدىن يوتىلىرىغا شاپىلاقلاپ، قاقاقلىغانچە ياندىكىلەرگە قاراپ ئېغناش، كۆزدىن ياش ئېقىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۈلكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە نامايان بولماي قالمىدى...

## پويىزدىكى خىياللار

ئويلاپ قالدىم: سەپەر دېگەننى مانا مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزسە، ھەرقانچە جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارىدىغان ئىش بولسىمۇ ئادەم زېرىكمىگۈدەك. نېمىدېگەن ئۆتكۈر پىكىرلەر، ئادەم خالىغاندىلا ئاڭلىغىلى بولمايدىغان يېڭى ئۇچۇرلار، نى-نى چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدىمۇ ئۇچى يېشىلمەيدىغان گەپلەر، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، كۆزلەردىن تارامىلىتىپ ياش ئاققۇزىدىغان ھاياجانلىق كەچمىشلەر... پىكىرلەرنىڭ بېشى تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈندىن باشلانسا، ئايىغى ئەتىكى تەرەققىياتىمىز ۋە خەلقئارادىكى زور مەسىلىلەرگىچە چېتىلاتتى. پويىزدا ئولتۇرغىنىمىز بىلەن تەپەككۇرىمىز، ئۆزىمىز ھەققىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئويلىنىشلىرىمىز نە-نەلەردە پەرۋاز قىلاتتى. خىيال دېگەننى باشقۇرغىلى بولاتتى دەمسىز؟ خىيال دېگەن مۇھەببەتكە ئوخشاشلا چېگرىسىز نەرسە، ئۇ قۇشلاردەك ئەركىن، شامالدەك تېز، ۋەزنى پولاتتەك ئېغىر.

پويىز بىر خىل رىتىمدا نەچچە مىڭ ئادەمنى يۈدۈپ، چوڭ-چوڭ بېكەتلەردە بىردەم-يېرىم دەم ھاردۇق ئالغىنىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئاتالمىسىدا «تاڭغۇت يولى» دەپ ئاتالغان خېشى كارىدورىنى بويلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى نىشانلاپ ئۈملىمەكتە. خىياللىرىم پويىزغا ئەگىشىپ تۈرلۈك ۋەقەلەر، شەخسلەر ئۈستىدە ئۆملەيتتى. بۇرۇنلاردا تۆگە، ئات، ئېشەكتە نەچچە ئايدا بېسىپ بولىدىغان مۇساپىنى مانا بۈگۈنكى كۈندە پويىزدا نەچچە سائەتتىلا بېسىپ بولغىلى بولىدىغان بولدى. زامانلار مۇقەددەم ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ قانلىق قىلىچلىرى ئاستىدا زېمىن تالىشىشلارنىڭ شاھىدى بولغان بۇ ئۇزۇن جىلغا تاشلاندۇق ئۆتمۈشتەك شۇنچىلىك قۇرغاق، شۇنچىلىك زېرىكىشلىك بىلىنەتتى... يانفونىمۇ بولىدىغان نېمىكەن گاھىدا. سىز شەھەر ئاتلىغان ھامان قايسى شەھەرگە كەلگەنلىكىڭىزنى ئەسكەرتىپ ئۇچۇر چىقىپ تۇرىدىكەن. بىزدەك نەگە كەلگىنىمىزنى خەقتىن بىلىشكە موھتاج بولىدىغانلار ئۈچۈن بىر ياخشى ھەمراھ ئىكەن. بىر چاغدا يانفونۇمغا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې (قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدە قەيت قىلىنغان «گەنجۇ»، ئۇ ئىزچىل تۈردە «قامچۇ، قامچى» دەپ خاتىرىلەنگەن، ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلار «گامسى» دەيدۇ) دېگەن يېرىگە كەلگەنلىكىمىز ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. مەن پويىز دېرىزىسىدىن قەدىمىي سەلتەنەت ئىزنالىرىنى ھازىرلا كۆرىدىغاندەك بىر خىل كەيپىياتتا ئىچىمنى ئىزچىل تاتىلاپ كېلىۋاتقان قانداقتۇر بىر خىل چەكسىز سېغىنىش ۋە ئىزتىراپ ئىلكىدە بويۇنداپ سىرتقا قارىدىم. بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە شەھەر چىراغلىرىنىڭ چاقناشلىرى خىيالىمنى تارىخنىڭ گىرىمسەن ئۇپۇقلىرىدا قاناتلاندۇرماي قالمىدى.

ئېگىز-ئېگىز سېپىللار قورشاۋىدىكى كۆركەم شەھەر كوچىلىرى، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان ئاۋات بازار، يانلىرىغا مىسران قىلىچلىرىنى ئېسىپ، چىلان تورۇقنى چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان چېرىكلەر... شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ شەرق ۋە غەربكە سوزۇلغان يىپەك يولى... ئۇ زامانلارنىڭ سۈرەتلىك ئارخىپىنى پەقەت ئاشۇنداق تەرىقىدىلا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. شۇنداق، ھازىرقى جاڭيې دېگەن ئۆز زامانىسىدىكى خانلىقنىڭ پايتەختى بولغان شەھەر. 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن كەنسۇغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ شۇ يەرلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان

uyghurkitap.com



قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 847 ــ يىلدىن 1036 ــ يىلغا قەدەر 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن گەنجۇ (قامچى) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. ئاھالىسى 300 مىڭدىن ئاشقان. ئۇلارنىڭ خاقانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان. بۇ خانلىقنى قۇرغان ئۇيغۇرلار خەنزۇچە مەنبەلەردە «قامچى ئۇيغۇرلىرى، شاجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. 10 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خانلىق تازا كۈچەيگەن. كۈچەيگەن چاغلىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. 908 ــ يىلغا بارغاندا ئاجىزلىشىپ كىدانلارغا بېقىندى بولۇپ ئولپان تۆلىگەن. 1036 ــ يىلى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان تاڭغۇتلار دەۋرى بولغىنىدەك، خارابىلىشىش دەۋرىمۇ بولدۇ. بۇ دۇنيا شۇنداق تەڭشىلىپ يارىتىلغان. «بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەت مەندە» دېگەندەك... .

«ھازىر گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇر دېيىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار زادى قانداق ئۇيغۇرلار؟ ئۇلارنىڭ چىرايى سېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانمۇ؟...» بىر چاغلاردا شۇنداق ئويلايتتىم. كېيىنچە ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ھەرگىز ئۇنداق گەپ ئەمەس ئىكەن. ئەجدادلىرىمىز بۇرۇنقى زامانلاردا، يەنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماستىن بۇرۇن جۇغراپىيىلىك تەرەپلەرنى ھازىرقىدەك شەرق، شىمال، غەرب، جەنۇب دەپ ئاتىماي، بەلكى رەڭلەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن. مەسىلەن، كۆك رەڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۆرسەتكەن. يۇرتىمىز تەۋەسىدە بۇ ئادەتنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، لوپنۇردىكى پېشقەدەملەر ھازىرمۇ شەرق تەرەپنى كۈن چىققان تەرەپ، غەرب تەرەپنى كۈن پاتقان تەرەپ دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سېرىق ئۇيغۇر دېگەن نام ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان زېمىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەركىزىي قىسمدىكى ئۇيغۇرلار ياكى ئوتتۇرا بۆلەك ئۇيغۇرلار دېگەن مەنىدە كەلگەن. دېمەك، شۇ چاغلاردا سېرىق ئۇيغۇرلار دېگەن ئۇقۇم چەرچەن، چاقىلىق، لوپ، كروران، مورەن، مەردەك كىتىك، دۇخان (دۇنخۇاڭ) تارىم كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ــ تۆۋەن ئېقىنى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن. يەنى ئۇلار ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ يەردە: «ئەجەبا شۇنچە كەڭ زېمىندا ياشىغان ئاشۇ سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈن بۇ زېمىندىن غايىب بولۇپ، گەنسۇدىلا قالدىمۇ؟ ئۇلار گەنسۇغا قانداق بېرىپ قالغان؟...» دېگەن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ. بەرھەق، ھازىر چەرچەن، چاقىلىق، لوپ رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دەل ئۆز ۋاقتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېرىق ئۇيغۇر دېيىلمەي ئۇيغۇر دېيىلىدىغان بولغان. گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن: مىلادىيە 5 ــ ئەسىردە كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغان. بىر قىسىم ئاھالە نىجادلىق ئىزدەپ شەرقتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا گەنسۇغا كۆچكەن. 10 ــ ئەسىردە يەنە بىر تۈركۈملىرى كۆچكەن. 14 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن كىتىك، مەردەك قاتارلىق شەھەرلەر خاراب بولغان. بۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىر ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنىدىكى دىنداش قېرىنداشلىرىنىڭ يۇرتى بولغان گەنسۇغا پاناھلىق تىلەپ بېرىشقان. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى قامچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ھازىرقى «يۇغۇر» دەپ ئاتىلىۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن. يىللارنىڭ تۈرلۈك بوران ــ چاپقۇنلىرىنىڭ دەھشىتى، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقە، بېرىپ ــ كېلىش، ئېلىپ ــ تېگىشىش تۈپەيلىدىن سانى بارغانچە ئازلاپ، خېشى كارىدورىدىكى سۇنەن ئاپتونوم ناھىيىسىگە توپلاشقان. يەنى 1000 يىللار بۇرۇن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پائالىيەت قىلىپ سەلتەنەت سۈرگەن بۇ زېمىندا ھازىر 17 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالە ياشايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىغان... غەربتىكىلەر سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا، شەرقتىكىلەر موڭغۇل شۇۋىسىدە، بىر پۈتۈن مىللەت خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن...

بىز بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە «يۇغۇر» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ سېرىق ئۇيغۇرلار

ئەسلىدە بىز بىلەن ئوخشاش ئۇيغۇر تۇرۇپ، قانداقسىگە
«يۇغۇر» دەپ ئاتىلىپ، غەيرىي ئۇيغۇر سۈپىتىدە باشقا
بىر مىللەت بولۇپ قالىدۇ؟ 1954 ـ يىلى چىلەن تېغى
(سېرىق ئۇيغۇرلار شۇۋىسىدە تەڭرىداۋان)نىڭ شىمالىي
ئېتىكىدە جيۇچۈەن (سېرىق ئۇيغۇر ۋە قومۇللۇقلار تى-
لىدا «سۇكچى») ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك
سارىغ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. مەركىزىي ھۆ-
كۈمەت سارىغ ئۇيغۇر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى
تەستىقلىغان بولسىمۇ، چىڭخەي ئۆلكىسى تەۋەسىدىمۇ بىر
چىلەن ناھىيىسىنىڭ بارلىقى، شۇڭا ئاپتونوم رايون نامىنى
قايتا بېكىتىش زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتكەن. نەتىجىدە ئاپ-
تونوم رايون جايلاشقان جاي سۇجۇ (سۇكچى)نىڭ جەنۇ-
بىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «سۇنەن» دەپ بېكىتىل-
گەن. بىراق مىللەت نامىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە ئىختى-
لاپ كۆرۈلگەن. يەنى، «سارىغ ئۇيغۇر» دەپ بېكىتىش
ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسىمۇ، «سارىغ» سۆزىنىڭ ئېنىقلى-
غۇچى سۆز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي ۋە غەربىي
سارىغ ئۇيغۇرلار تىلىدا بۇ سۆزنىڭ پەرقلىق تەلەپپۇز
قىلىنىدىغانلىقى، بۇنى خەنزۇ تىلىدا بىر خىل ئاتاش
مۇمكىن ئەمەسلىكى؛ شىنجاڭدىمۇ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ
بارلىقى، ئېتىقاد جەھەتتە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا تۈپتىن
ئوخشىمايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇقۇشماسلىقنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈن ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىش ـ قوللانماسلىق
ھەققىدە دەتالاش بولغان. بىراق ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ
قويۇلمىغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمال بيۇروسىدىن
چۈدايۈەن دېگەن كىشى بىلەن سارىغ ئۇيغۇر ۋەكىلى ئەن
جىنچاۋ كېڭىشىش ئارقىلىق «باياشاد ۋە مۇستەھكەم»
مەنىسىنى بېرىدىغان « 裕固 » سۆزلىرىنى مىللەت نامى
قىلىپ بېكىتىش، خەنزۇ تىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە « 尔 »
خېتىنى قىسقارتىش تەكلىپى بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ
1000 يىلدىن بېرى گەرچە خەنزۇچە ھەر خىل يېزىلىپ
كەلگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئەسلىي ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزىغا
يېقىن بولغان « 维吾尔 » خېتى ئاشۇ ئىككى ئادەمنىڭ
خاھىشى بويىچە بىراقلا يۈگۈ « 裕固 » بولۇپ قالغان...
مىللەت نامىمۇ «سارىغ ئۇيغۇر»دىن «يۇغۇر»غا ئۆز-
گەرگەن. دېمەك، يېڭىدىن بىر مىللەت «كەشپ» قىلىن-
غان... شۇ چاغدىكى ئاشۇ قارار سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز

مىللىتىنىڭ ئەسلىي نامىدىن ئايرىغان بولسا، 1958 ـ يىلى-
دىكى ئېغىر سولچىل سىياسەت سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز-
لىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن پۈتۈنلەي ئاي-
رىۋەتكەن. سېرىق ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە
خەنزۇچە قاملە قوللىنىشقا، يېزىق، دىن، كىيىم ـ كېچەك
ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاشلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە
زورلاش ئىشلىرى يۈز بەرگەن. كەينىدىنلا باشلانغان
«تۆت كونىنى يوقىتىش» ھەرىكىتىدە ئۆز ۋاقتىدا پۈت-
كۈل ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە ئورتاق ئىشلىتىلىپ كەل-
گەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى 18 ـ ئەسىرگە قەدەر دا-
ۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە شۇ يېزىقتا «ئالتۇن يارۇق»
قاتارلىق ئۆلمەس ۋەسىقىلەرنى پۈتكەن بۇ خەلقتە بۇ-
گۈنكى كۈندە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇشۇ ماكاندا ئۆزىگە
تەۋە بىرمۇ ئۇيغۇرچە پۈتۈك قالدۇرۇلماي ئېچىنىشلىق
ھالدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن... گەرچە ئالەمشۇمۇل مەدەنى-
يەتنى ئۆز ھەرپلىرىدە ساقلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق-
دىكى مىراسلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلىرى چەت ئەللەرنىڭ
مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭلا
چالا قالماي غايىب بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ
قىيىن. كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ۋە چەت ئەللىكلەر ئاندا ـ ساندا
تاللاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ پۈتۈكلەرنىڭ ئاچا ـ
سىڭىللىرى زادى نەگە كەتكەندۇ؟ ھەممىسىلا كۆيدۈرۈ-
لۈپ تۈگىتىلگەن بولغىيمىدى؟... سادىق ھەغدالىرى تە-
رىپىدىن تام ئاراشلىرىدا تىقىپ ساقلانغانلىرى، سۇلياۋغا
يۆگەپ يوشۇرۇپ قويۇلغانلىرى پەقەتلا بايقالمىغانمىدۇ
زادى؟... بەرھەق:

«تارىخنىڭ جىق قارا بەتلىرى،
بىز ھەم ئۇقمايدىغان قەدىم خەتلىرى...»

«خۇاڭخې دەرياسى!... قاراڭ!...» ئەنسىز توۋلىدى
بىرەيلەن مېنى نوقۇپ. خىيالدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۇ
كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. پويىز كۆۋرۈك ئۈستىدە
كېتىپ باراتتى. ئاستىمىزدىلا يىلاندەك تولغىنىپ، غايەت
زور قۇرتتەك لۆمشۈۋاتقان بىر ئېقىن كۆرۈندى. خۇددى
سېرىق سىغىزنى شاللاپ ئېقىنغا قويۇپ بەرگەندەكلا.
راستتىنلا خۇاڭخې دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتاتتۇق. لەنجۇ
شەھىرى بىزگە قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. شۇ ھامان ئاتاقلىق
يازغۇچىمىز، مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»

www.uyghurkitap.com





رومانىدىكى بۇ دەرياغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر بىلەن رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ چىققۇم كەلدى. رومانىدىكى ئەلا بىلەن گۈزەلئاي مۇھەببەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان بۇ جىلغا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغ ماڭا شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. رومانىدىكى پېرسوناژلار بىلەن دەقىقىلىق پۇرسەتتە غايىۋى مۇڭدىشىپ ئۈلگۈردۈم.

* * *

ئۈرۈمچىدىن بۇ ياققا مېڭىش ئالدىدا مائارىپشۇناس، ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزى دوستىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شىنجېڭدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، دەرھال خەرىتىگە قارىغان ۋە يىغىنىنى تۈگىتىپ ئۇ بار يەرگە قەدەم بېسىش ئويىغا كەلگەنىدىم. مەن بارىدىغان چاڭشا شەھىرىدىن نەچچە سائەت ماڭسىلا شىنجېڭغا بارغىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. ھېس قىلدىمكى، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتە ئۈرۈمچىدەك ئاۋات شەھەرنى تاشلاپ، يەنە كېلىپ ئانا يۇرتىدىكى ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتىن شىنجېڭغا بېرىپ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچىنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئىدى. مېنىڭچە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ باققانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئويلاپ قالىدۇ: «سەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقىنىڭدا، دەرستىن زېرىككىچە سېنى بىر كىم ئاۋارە قىلمىسا ئىكەن. ساڭا تېلېفونمۇ كەلمىسە، ئىشىكىڭنىمۇ بىرەرسى چەكمىسە، خەق سېنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە چىللىمىسا، سېنىڭمۇ خەقنى مېھمان قىلىدىغان ئىشىڭ ۋاقتىنچە چىقماي تۇرسا، پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكىلا كىرىشسەڭ... شۇ چاغدىلا ئۇنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ...» جۈملىدىن مەن ئاشۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. ئىنگلىز تىلى دۇنياۋى پەن ـ تېخنىكا تىلى، ئۇچۇر تىلى بولۇپ قالغان مۇشۇ ئەسىردە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغىنىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جەمئىي تۆت قېتىم ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپتىمەن. لېكىن ھېچقايسىسىدا باشقا ئېلىپ چىقالمىدىم. سەۋەب: ئەمدى ئۆگىنىپ بىر يەرگە بارغاندا، بىرەر ئايلىق كۇرس چىقىپ قالاتتى ياكى يىراق بىر يەردىن يۈزى چوڭ ئاغىنىلەر كېلىپ قالاتتى. ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ شەپىسى كېلىش بىلەن تەڭلا ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ئۈچۈن سىرتلارغا چېپىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن



بىر نەچچە كۈن، بىر نەچچە ھەپتە، ھەتتا بىر نەچچە ئاي دەرس ئۆتۈلۈپ بولغاچقا، يېڭى دەرسلەرنى چۈشەنمەك تەسكە توختايتتى. ئاقىۋەتتە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئىشىم تاشلىنىپ قالاتتى. بەلكىم ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئىنگلىز تىلىنى شىنجېڭغا بېرىپ ئۆگىنىشىدە باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىسىز شارائىتقا ئېرىشىشنى ئويلىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن ئىدى.

* * *

پويىز كېچە قوينىدا غايەت چوڭ يىلاندەك ئۆمىلەمەكتە. پويىز دېرىزىسىدىن سىرتقا ھەرقانچە قاراپمۇ بىرەر تال يېشىل گىياھ ياكى كىچىككىنە نۇرنى چېلىقتۇرالمىدىم. ئۇيقۇم كەلمىگەچكە گۈگۈم قوينىغا چۆككەن تاقىر دالادىن نېمىلەرنىدۇر ئاختۇراتتىم. قۇش پەيلىرى قادالغان قالپاقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، يانلىرىغا ئەگرى قىلىچلىرىنى ئاسقان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوي كۆز، كۆك كۆز باتۇرلار ھۇررا توۋلىغانچە قاياققىدۇر چېپىشماقتا... سازسىزلىغان ئارغىماقلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ چېپىشلىرى، بۈيۈك غەلىبىدىن دېرەك بېرىپ غالىبلارچە كىشنەشلىرى شەھەر خەلقىنى ئۇيقۇسىدىن يىراقلاشتۇرماقتا. كىشىلەر ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىشىپ ئەرلىرىنى، ئوغۇللىرىنى، يىگىتلىرىنى ئىزدەشمەكتە... كاللامدا تارىخىي بايانلار، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، شېئىرىي خىياللار دەم ـ دەم گىرەلىشىپ كېتەتتى... ئىلىم ـ پەننىڭ خېلى ـ خېلى چوققىلىرىغىچە يامىشىپ باققان ئاق كۆڭۈل دوستىمىز، كورلا شەھەرلىك يايلاق باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ئەركىننىڭ ياپونىيىدىكى قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرى تۇرۇپلا يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇ مۇنداق بىر

ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ ھېكايە ئۇ 1988 ـ يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىققاندا يۈز بەرگەن ئىش ئىكەن:

ئۇ پراكتىكا ئۈچۈن بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ئاساسەن كالا بېقىلاتتىكەن. ئارىدا بىرسى ئۇنىڭغا: «ياپونىيىدە مۇنداق بىر ئادەت بار، سەن ھەر كۈنى ئەتىگەن خوجايىننىڭ قىزىغا: ‹سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ قوي» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەن خوجايىننىڭ ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن قىزىغا: «سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گەپنى تەكرارلاشنى ئۇنۇتماپتۇ. قىزمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇماققىنە كۈلۈپ قويىدىغان ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ـ قاراپ قالىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ خوجايىن ۋە ئۇنىڭ قىزى ئۇنىڭغا بارا ـ بارا پەۋقۇلئاددە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپتۇ. ئارام كۈنلىرى ئۆزلىرى نەگە بېرىپ ئوينىسا ئۇنىمۇ ئېلىۋالىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى دەل ھېلىقى قىز بىر كونۇپىرتنى يولاڭلاتقىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ. بۇ ئەسلىي ئەركىننىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلىسى تۇرسۇنئايدىن كەلگەن خەت ئىكەن. ئەركىن ياپون قىز يېنىدا قاراپ تۇرغان نەق مەيداندا خەتنى ئېچىپتۇ. خەت بىلەن بىرگە بىر پارچە سۈرەتمۇ چىقىپتۇ. سۈرەتتىكىسى ئەركىننىڭ سۆيۈملۈك ئائىلىسى تۇرسۇنئاينىڭ يەتتە ئايلىق بولغاندا كۆرگەنچە كۆرمىگەن ئۇماق ئوغلى شىرنېلى بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمى ئىكەن. ھېلىقى ياپون قىزى بۇ ئەھۋالنى ئەركىندىن سوراپ ئۇققاندىن كېيىن چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ غەزەپ بىلەن تىللىغانچە (ئەركىننىڭ ئەسلىشىچە «ئالدامچى» دەپ تىللىغان بولسا كېرەك) ئۇنىڭ تەستىكىگە بىرنى ساپتۇ. ئەركىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئېڭىكىنى تۇتۇپ گاڭگىراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئارىلىقتا خوجايىننىڭ ۋە قىزنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ ھۇرپىيىشلىرىگىمۇ يولۇقۇپتۇ تېخى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەركىنگە بولغان مۇئامىلىسى بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ. ئارىلىقتا ئىككى كالىنىڭ قۇيرۇقى بېغىشىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئىككى كالىنىڭ قۇيرۇقىنى كۈندە چېلەككە چىلاپ بىر خىل سوپۇن بىلەن يۇيىدىكەن. ئەركىن پراكتىكا جەريانىدا شۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەركىنگە توقۇناق گۇناھتىن بىرسى ئارتىلىپتۇ: «كالىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەن سەۋەبچى...» نېمە ئامال؟ ئەركىن باشقا بىر فېرمىغا يۆتكىۋېتىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىمۇ كالىلارنىڭ قۇيرۇقى چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئىشلار ئەركىن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بولغانىدى. ئەركىن فېرمىدىكىلەردىن سوراش، بىۋاستە كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىلىۋاپتۇ، ئەسلىي كالىنىڭ قۇيرۇقىنى چېلەككە چىلاپ سوپۇنداپ يۇغاندا ھەرقانچە ئېھتىيات قىلغان بىلەنمۇ چېلەكنىڭ بىر يېرى كالىنىڭ قۇيرۇقىغا تېگىپ كېتىدىكەن ـ دە، شۇنىڭ بىلەن تېگىشكەن ھېلىقى قۇيرۇقنىڭ نازۇك يېرى قانايدىكەن. قىش كۈنى ئالامەت سوغۇق بولىدىغان ئۇ يەرلەردە قانىغان يەر ياللۇغلىنىپ قالىدىكەن ـ دە، ئاقىۋەتتە سېسىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقى چۈشۈپ كېتىدىكەن... بىر كەمدە شۇ يەرنىڭ سەھىيە تارماقلىرىدىن ئادەم كېلىپ قۇيرۇق ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىنى ئەركىندىن سوراپتۇ. ھەتتا بۇ ئىشنى سوتقا سۆرەپ چىقماقچىمۇ بولۇشۇپتۇ. ئۇ ئالدىدا «بىلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار سوراۋەگەندىن كېيىن ئاخىر ھېلىقى سەۋەبنى دەپتۇ. ئۇلار ئاڭلاپ ھەم قايىل بولغان، ھەم ھەيران قالغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى سىقىشىپتۇ. پراكتىكا تۈگەپ قايتىدىغان چاغدا ئۇنى ھېلىقى خوجايىن (ـ ياپون قىزنىڭ دادىسى) ئىزدەپ كېلىپ، ئۆز قورۇقىدا قېلىشنى خالىسىلا، يۇقىرى مائاش بىلەن (خوجايىن شۇ چاغدا ئەركىنگە ئايلىقىغا 5000 يۈەن جۇڭگو پۇلى بېرىشنى ئېيتقان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا كورلىدا ئالىدىغان 65 يۈەنلىك ئايلىق مائاشىغا نىسبەتەن بۇ غايەت جىق پۇل، ئەلۋەتتە) ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ قېنىدىكى ۋەتەن مېھرى، ئائىلە مېھرى، بالا مېھرى ئۇنى كورلىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ.

* * *

پويىز تاراقلىغانچە كېتىپ بارىدۇ. كاللامدا يىغىننىڭ خىيالى: بۇ قېتىم جوقۇم مەن ئىسمىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنى كۆرمىگەن نۇرغۇن ئۆلىمالار يىغىلىدۇ. ئۇلار بىلەن

تونۇشمەن، پىكىر ئالماشتۇرىمەن. تونۇش تەتقىقاتچىلار
بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشىمەن. 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلغان
مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىـ
رىلەش يىغىنىدىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ يىغىن مەن مۇشۇ
ئۆمرۈمدە كۆرگەن قوغدىلىشى ئەڭ كۈچلۈك يىغىن ئىدى.
قەشقەر مېھمانخانىسىدا ئېچىلغان بۇ يىغىن مەندە ئۇنۇـ
تۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن
مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغاچقىمىكىن ۋە
ياكى تەرتىپ شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ مېھمانخانىغا مۇشۇ
يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىلاردىن باشقا ئادەم
كىرگۈزۈلمەيتتى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولو-
گىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئەدەبىي تەنقىدچى
كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بۇ قېتىمقى
تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىننىڭ تولۇق خاتىرىسىنى ئېلىش
ئۈچۈن ئاخبارات سىنپىدىن ئىككى ئوقۇغۇچىنى سۈرەت
تارتقۇچى ۋە سىن ئالغۇچى سۈپىتىدە قاتناشتۇرماقچى
بولۇپتۇ. يىغىن تەشكىلىي گۇرۇپپىسىنىڭ بۇنىڭغا رۇخـ
سەت قىلىش سالاھىيىتى بولمىغاچقا، ئۇلار مۇناسىۋەتلىك
كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شەھەرلىك ج خ ئىدا-
رىسىگە بۇ ئىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئىدارە رەھبەرلىرى
ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئوقۇـ
غۇچىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىپتۇ. كېرىمجان ئۇ-
لارغا كېپىل بولۇپتۇ... 500 كىشىلىك يىغىن زالىنىڭ ھەر
بىر ئورۇندۇقىغىچە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسمى
يېزىپ تىزىلغان بولۇپ، ھەممىمىزگە يىغىنغا قاتنىشىش
كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. مېھمانخانا دەرۋازىـ
سىدا، ياتاق بىناسىنىڭ دەرۋازىسىدا، ئاشخانىنىڭ ئىشىكى
ئالدىدا پوست بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك
ئۆتكۈر كۆزلىرى بويىنىمىزغا ئېسىۋالغان كىنىشكىدا ئىـ
دى. مېھمانخانىغا، ياتاق بىناسىغا، ئاشخانىغا شۇ كىنىش-
كىگە ئاساسەن كىرەتتۇق. بىزنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەر
بىلەنمۇ دەرۋازا سىرتىدا كۆرۈشەتتۇق. ئۇ يىغىنغا كورلا
تەۋەسىدىن مەن، غالىب بارات ئەرك، ئىلھام مۇھەممەت
قاتارلىق ئۈچەيلەن بارغانىدۇق. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
نۇر بەكرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى كۈرەش مەخسۇت قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ، شۇنـ
داقلا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتلىك خادىملارنىڭ قاتنىشىپ، مۇھىم سۆز قىلغىنىغا
قارىغاندا، بۇ قېتىملىق يىغىن زور ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى.

ئەتىسى تارىخىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىشقا ئۇـ
رۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. چۈشكىچە ئاپاق خوجا، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ مەقبەرىسىگە، ئاندىن ئەسكىھسار قەدىمىي
شەھىرىگە باردۇق. قەشقەردە بەش يىل ئوقۇغىنىمغا باقـ
ماي مېنىڭ ئەسكىھسار قەدىمىي شەھىرىنى تۇنجى كۆ-
رۈشۈم ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئالىمنىڭ يۇرتى بولغان
ئوپال يېزىسىغا چىقتۇق. كونىشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ ئورۇندىشىدا ئويۇن قويۇلدى. ئارىدا ئىمىن
تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى قاتارلىق ئەدىبلەر ئالىمغا ئا-
تالغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. چاۋاك سادالـ
رى مەھەللىنى بىر ئالدى. سەھنىگە كۆزۈم چۈشۈشى بە-
لەن قەلبىمگە بىر ھاياجان قاپسىلىۋالدى: سەھنىگە ناھا-
يىتى چوڭ بىر دېكوراتسىيە ئىشلەنگەن بولۇپ، تەگلە-
كىگە مەھمۇد قەشقەرى سىزغان ھېلقى خەرىتە چۈشۈ-
رۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ
خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ ئۈچ تومىنىڭ مۇقاۋىسى چۈشۈـ
رۈلگەنىدى. «كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى، پە-
خىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى...» ناخشىلار پەلەكنى
بويلاپ ياڭرايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا
ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى مازىرى
ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ دۇنياغا جاكارلانغاندا، تۈركىيىدە
كاتتا بايرام بولغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر تارالغانىدى.
مانا ئەمدى تۇنجى قېتىم ئالىمنىڭ يۇرتىدا ئالىم ۋە ئۇنىڭ
ئەسىرى ھەققىدە مەملىكەتلىك كاتتا يىغىن ئۆتكۈزۈلۈۋا-
تاتتى... بەلكىم مەن ئەمەس، ھەركىم ئۇنىسىز پىچىرلايتتى:
«خەيرلىك ئىشلار ئۈزۈلمىگەي، ئىلاھىم!...»

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئاپتور: «كىروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە
2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي خۇنەن، 6 ـ ئاي كورلا.



# كۆلكە باۋانلىرى



(بىئوگرافىك ئوچېرك)

ماخمۇت مۇھەممەت

**4 ـ باب. سەھنىدە**

ھېسام ياشلىقتا قەدەم قويغان يىللار غۇلجىنىڭ مە-
دەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرى
ئىدى، 1936 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە «مىللەتلەر كۇلۇ-
بى» ياسىلىپ، مەھەللە سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تەركىبىدە
ئۇششاق نومۇرلارنى تەييارلاپ ئويناپ، ئۇسسۇزلۇقى
قانماستىن يۈرگەن سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ چوڭ، يىرىك
سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.
زىكرى ئەلپەتتا، جالالىدىن يەھيارى، قاسىمجان قەمبىرى،
روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ كەبى سەنئەت
ئۇستىلىرى «مىللەت كۇلۇبى»غا ئىلگىرى ـ ئاخىر تو پ-
لىنىشتى. كېيىنچە «رۇس كۇلۇبى»، «ئۆزبېك كۇلۇبى»،
«خەنزۇ كۇلۇبى»، «تاتار كۇلۇبى» قاتارلىق كۇلۇبلارمۇ
ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
سەنئەت نومۇرلىرى ئۆز سەھنىلىرىدە ئوينىلىدىغان ۋە-
زىيەت يارىتىلدى. «مىللەتلەر كۇلۇبى» ئاساسىدا كېيىنچە
ئۆزگەرتىلگەن «ئوقاق كۇلۇبى» (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز
كۇلۇبى)دا چوڭ تىپتىكى كلاسسىك ئوپېرا «غېرىب ـ
سەنەم» ئوينىلىپ، غۇلجا خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور
زىلزىلە قوزغىدى.

مەدرىستىكى سەنئەت سۆيەر ئۇستازلىرىنىڭ تەشكىللە-
شى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى،
ناغرا چېلىشنى ئۆگىنىش، ئۆزگىچە مەھەللە مەشرەپلىرى
ھېسامنىڭ يېشىغا ئەگىشىپ ئۇلغىيىۋاتقان سەنئەت ھەۋ-
سىگە ئوتقا چاچقان ماي بولۇپ قۇيۇلسا، جەمئىيەتتىكى
ھەر خىل جۇشقۇن سەنئەت پائالىيەتلىرى، بازار، گۆزەر-
لەردە قىزىپ كېتىدىغان .ئەلنەغمە، مەدداھلىق، كۆز باغ-
لاش (سېرك) قاتارلىق ئويۇنلار بۇ ماينى تېخىمۇ قىزد-
ىتىدىغان ئوتۇن ئىدى. ھېسام پۇرسەت بولسىلا بازارغا
چاپاتتى. كەچقۇرۇنلىرى مەھەللىسىدىكى باللار بىلەن
توغرا كۆۋرۈكتىكى «ئوقاق كۇلۇبى»غا بېرىپ، تىياتىرغا
كىرىپ كېتىۋاتقان چوڭ ئادەملەرگە يانداشىپ، «بالا»
بولۇپ كۇلۇبقا كىرىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى. مۇبادا سېزد-
لىپ قالسا شىمشىكا، مېۋە شۆپۈكلىرى بىلەن تولغان
يەردىن كونترول (ئويۇن ياكى كىنو بېلىتىنىڭ قوشۇمچە-
سى) ئىزدەيتتى. ئارام كۈنلىرىدە ئۇ لەگزە بېشى، دۇڭ
شوپاڭ تەرەپلەرگە بېرىپ توختىقارى ئىسملىك مەدداھ-
نىڭ دۇتارغا ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان «غېرىب ـ سە-
نەم»، «رۇستەم داستان» قاتارلىق داستانلىرىنى سائەت-
لەپ، كۈنلەپ تىڭشايتتى. ئۆزىنىمۇ، يېنىدىكى بىر مە-
ھەللىلىك ئاغىنىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. قورسىقى ئېچىپ،
ئىچى ـ قارنى تارتىشسا ئىككى يېنىغا قىمدىنىپ قوياتتى.
ھەرقانداق ئويۇندا، مەدداھلىق داستاندا ئۇ ئىختىيارسىز
كۈلكىلىك، ھەجۋىي تۈس ئالغان جايلارنى ئاسانلا سېزىپ
ئالاتتى، ئۆزىمۇ شۇ تامانغا تولىراق دىققەت قىلىدىغان.
بىر قېتىم ئۇ شۇ چاغلارنى ئەسلەۋېتىپ بىر قىزىق

ئىشنى سۆزلەپ بەرگەندى.

ــ بالا ۋاقتىمدا، ــ دېگەندى ھېسام، ــ لەگزە بېشىدا توختىقارى دېگەن مەدداھ تازا بېرىلىپ رۇستەم داستانىنى سۆزلەۋاتاتتى. توختىقارى ئېگىزرەك سۇپىدا ئولتۇرغان، تۆۋەندە ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالغان. بىر چاغدا بايقىسام توختىقارى سۆزلىگەنسېرى سۇپا بىلەن تىڭشاۋاتقانلارنىڭ ئارىلىقى قىسقىراۋېتىپتۇ.

رۇستەم ئېتىنى بىر دېۋىتىپ ياۋ لەشكەرلىرىگە ھەملە قىلغىنىچە گۈرزىسىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋېدى....، دېگەندى توختىقارى چىڭقالغىنىچە، تۆۋەندە ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىمۇ سەزمەي ئىككى قوللىرىنى يەرگە تىرەپ ئالدىغا سىلجىپ:

ــ ۋاششەرە، ــ دەپ چۇرقىراشتى.

توختىقارى مەدداھلىقنى داۋاملاشتۇردى:

ــ دەل شۇ ئەسنادا رۇستەمنىڭ تېگىدىكى ئات غايىب ئاۋازدىن ئۈركۈپ، «خارتلا» قىلىپ يانچە يىقىلدى..

تۆۋەندىكىلەر ئىككى قوللىرىنى يەرگە تىرەپ باپپاراۋەر كەينىگە شوخشۇپ:

ــ مانا كاكىنى يېدى، ــ دېيىشىپ، لاسسىدە بولۇشتى...

يەنە بىر قېتىم ھېسام توپا دەڭدىكى چاڭچىلىكەشلەرنىڭ ئويۇننى كۆرگىلى باردى. چاغان، بايراملاردا بۇ ئەتراپلاردا گوتەي، ياغاچ ئاياغ ئويۇنلىرى قىزىپ كېتەتتى. ھېسام ئالايىتەن ياغاچ ئاياغ ئويۇنى ھەممە تۇرپانلىق توختاخۇن دېگەن ئوينىغان چاڭچىلە ئويۇنىنى كۆرگىلى كېلەتتى. بىر مېتىردىن ئۇزۇن ياغاچ پۇتنى تاپىنىغا باغلىۋالغان، يۈز ـ كۆزلىرىنى غەلىتە بوياپ، رەڭگارەڭ كىيىنىشكەن 20 ـ 30 ئادەمنىڭ جاڭ ـ دۇمباق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، رەتلىك ھالدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە تەمتىرىمەي ماڭىدىغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. توختاخۇن ئىسىملىك چىرايىدىن قەيسەر، تۈرگۈنلۈكى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ خەنزۇ ئارتىسلار بىلەن بىللە سەھنىدە چاڭچىلە ئويناپ، ئوينىغاندىمۇ باتۇر، ئەزىمەتلەرنىڭ رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ خەنزۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن چاۋاك، ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقى ھېسامنى تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇراتتى.

شۇ كۈنى ھېسام توختى باتۇرنىڭ سەھنىدىكى كارامىتىنى قىزىقىش بىلەن كۆردى. ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇدى. بالا ھېسسىياتى ئۇنى غايىۋانە بىر ماكانغا، سىرلىق جايلارغا يېتىلەپ كەتكەندى. تۇيۇقسىز ئۇ قۇرام تاشتەك بىر نەرسىگە سوقۇلدى...

توختى باتۇر سەھنىدىكى رولىنى تۈگىتىپ، سەھنىنىڭ يان تەرىپىدىن يەرگە بىر سەكرىۋىدى، بىر بالىغا سوقۇلۇپ، تاس قالدى يىقىلىپ كەتكىلى. ئۇ ئۆزىدەكلا چوڭچۇپ كەتكەن بالىنىڭ مۈرىسىدىن قۇۋۋەتلىك قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ھەم ئاچچىقىدا، ھەم قىزىقچىلىق قىلىپ ۋارقىرىدى:

ــ نەنىڭ چوكىسى سەن، سۇندۇرۇۋېتىپ بالارىڭغا قالماي يەنە!

ھېسام سوقۇلغان چاغدىكى ئاغرىقتىنمۇ كۆپ قامالانغان مۈرىسىنىڭ ئاغرىقىنى بەكرەك سەزمەكتە ئىدى. بىراق ئوغۇل بالىچىلىقى ئۈستۈن كەلدى، ۋاي دېدى. پەقەت ئۆمسە ئەلپازىدىكى توختى چاڭچىلىكەشكە ھۆمىيىپ قاردى.

ــ لىمدەك تۇرۇپ، چوكىنى سۇندۇرۇۋەتسىڭىز سەتمۇ بولار.

توختى باتۇر چىن ئىخلاسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ خورە، قالتىس يامانكىنە بۇ غولجىلىق پوچى گاڭ. ھە، يەنە گەپ قىلە!

ھېسام جاۋابەن:

ــ ياق، سىز بايىقىدەك بىر سۆزلەپ بېقىڭا (خەنزۇچە دېمەكچى)، ــ دېدى.

توختى چاڭچىلىكەش خەنزۇچە بىر نېمىلەرنى دېدى، بۇ گەپلەرنى ھېسام ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى. بىراق ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ، قانائەتلەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى:

ــ راستىنلا ئۆزىڭىزنىڭ ئاۋازىكەن، ــ دېدى. توختى باتۇر يەنە كۈلۈپ كەتتى.

ھېسام شۇ گەپنى قىلغاندا بەلكىم تالاي يىللار ئۆتۈپ، ئارتىسلارنىڭ سەھنىگە چىققاندا ئۆزلىرى ئاغزىلىرىنى قۇرۇق ماكىلدىتىپ، ئاۋازنى بولسا ئايرىم ئېلىۋالغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىدا قويۇپ بېرىدىغان «تەرەققىيات»لار چىقىدىغانلىقنى ئويلىمىغانىدى.

ھېسامنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان يەنە بىر ئورۇن

مەھەللىلەردە مەزگىللىك ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قالىدىغان «سانايى نەپىسە» يەنى كىچىك سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئىدى. نۆۋەتتە مۇنداق كىچىك مەھەللىۋى ئۆمەكلەر شەھەر ئىچى دائىرىسىدىمۇ نەچچە قېتىم تەشكىللىنىپ، ھېيت ـ بايرام، خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتاپ بەش ـ ئون نومۇر تەييارلاپ، خەلققە قويۇپ بېرىپ، سەل نېرى كەتسە شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت، خاتىرىلەش پائالىيەتلەرىگە قاتنىشىپ، باشقا مەھەللىۋى ئۆمەكلەر بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، ئاندىن تارقىلىپ كېتەتتى. بۇنداق ئويۇنلار ئادەتتە چوڭراق ھويلىسى بار، تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەرنىڭ ساخاۋىتىدە، شۇنداق قورۇقلاردا ئويۇن تەييارلايتتى. ئارتىسلار شۇ مەھەللە، دائىرىدە ئولتۇرۇشلۇق خەلق سەنئەتكارلىرى، ھەۋەسكارلاردىن تەشكىل تاپىدىغان، ياشلىرى خېلى ياش، چوڭلىرى ھەتتا ئاقۋاش، ئاقساقاللىق ئادەملەر بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قولىدىن سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرى كېلىدىغانلار چىقاتتى. مۇنداق ئارتىسلار كۈندۈزى ئۆزلىرىنىڭ سودا ـ سېتىق تىجارىتى بىلەن بولاتتى. ئاخشاملىرى بولسا رەپىتسىكە يىغىلاتتى. سالقىن كەچقۇرۇنلىرى دۇتار، تەمبۇر ئاۋازى ياڭراپ، مەھەللە ئاھالىسىنى جەلپ قىلاتتى، ئالدى بىلەن كىچىك باللار ئويۇن تەييارلىنىدىغان يەرگە قىقاس بىلەن يۈگۈرەيتتى. باللىرىنى غىزاغا چاقىرىپ، ھەر خىل سوزۇپ توۋلاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاۋازى پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ زاۋال ۋاقتىغا ئۆزگىچە تۈس بېرەتتى.

ھېسام بۇنداق پەيتلەرنى قولدىن بەرمەيتتى. قۇربان تېرىچىمۇ، ھەسەلخانىمۇ ئۇنىڭ تامىقىنى يېمەي نەدە يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېسام بىردەم يۈگرەپ ھاسان تەمبۇرنىڭ چالغۇسىنى چايخانا تەرەپتىن ئەكىلىپ بەرسە، بىردەم زىكرى ئەلپەتتاغا سۇغۇق چاي توشۇيتتى. سەھنىگە چىقىش ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئابرۇيلۇق ئىش تۇيۇلايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەشرەپ ئوينايدىغان مەھەللە چالغۇچىلىرىدىن بىر نەچچىسى سازەندىلەر سېپىدە غادىيىپ ئولتۇرۇشۇپ، جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سازلىرىنى تەگشەيتتى. يېشى ھېسامدىن كىچىك بولغان غىياسىدىن، مۇتەللىپ سەيدۇللاملارمۇ ماھارەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. ھېسام مۇزىكا چالالمىسىمۇ، ناخشا ئېيتالمىسىمۇ بىرەر رولغا چىقىشنى ئويلايتتى. قىزىق گەپ، ھەرىكەت قىلىپ بەر دېسىمۇ ياكى لەپەر، كومېدىيىدە قوشۇمچە رول ئوينا دېسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇ سەھنىگە ئىنتىلەتتى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە پاراڭ سالغىنىدا مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ باشقىلارنى كۈلدۈرگەنىدى.

ئوبلاستلىق سەنئەتتە بىر ئارتىس بولىدىغان، ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئۇ ئۆمەكتە 20 يىلچە ئىشلەپ بىرلا رولغا، يەنە كېلىپ قازاقچە «سەلقە ـ سەمەن» تىياتىرىغا چىققانىدى. رولىمۇ ئىنتايىن ئاددىي، بىرلا يەردە، توي مەرىكىسى ئالدىدا سەھنىگە بۇ تەرەپتىن چىقىپ «توي باستالسىن» دەپ ۋارقىرايتتى ـ دە، بۇ تەرەپتىن چۈشۈپ كېتەتتى. قىزىق يېرى «باستالسىن» دېگەن سۆزى تازا جەنۇب تەلەپپۇزىدا ئىدى....

ھېسام شۇ پاراڭنى قىلىپ، كەينىدىنلا، ئۆزىگىمۇ ئەينى چاغدا مەھەللە سەنئەت ئۆمىكىدە بىر قېتىم رول تەگكەنلىكى، يەنى بىر پەردىلىك درامىدا ئويۇن باشلىنىپ تاكى ئاياغلاشقىچە بىر كەتمەننى چېپىۋاتقان ھالەتتە تۇتۇپ قىمىر قىلماي تۇرىدىغان قوشۇمچە رولنى زور خۇشاللىق بىلەن ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





ـــ ھېسام ئاكا، شۇ رولۇڭىزمۇ تالىشىدىغانلار چىققان-مۇ؟ ـــ دەپ سورىغان بىر «پاچاقچى» چاقچاقچى.

ـــ نېمە دەيدۇ، چوڭ ئاكاڭ رەختىن سوراپ باقە، مەن ئالاتتىم دەپ تالىشىپ رېژىسسور بىلەن مۇشتلىشىپ كەتكىلى تاس قالغان.

ھېسام سەنئەتكە سەكپارە بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر زات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك، ئاجايىپ ساخاۋەتلىك بىر ئىش قىلدى. ھېسامنىڭ ھاياتىدىكى زور بۇرۇلۇش ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

قۇربان رېھىم ئۇزاق يىل ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ 1951 ـ يىلى باھاردا، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى 50 ياشتا ئىدى.

ھەسەلخان، سەككىز پەرزەنت مۇسىبەت تۇتتى. يىغلىدى، «زەپمۇ زەپ، ئۆلگەنگە زەپ» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن، سۇلار تېشىپ يەنە قىنىغا چۈشتى، بىر ئائىلىلىك تۇرمۇش هارۋىسىنى يەنە غىچىرلىتىپ كاتاڭ تولا ھايات يولىغا چۈشۈردى.

سەككىز بالا ئارىسىدا ئاتىسىدىن بەكرەك مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرگەن ھېسام مۇسىبەت دەستىدىن بىر مەھەل گاڭگىراپ، تەركىدۇنيا بولۇپ يۈردى. ئاتىسىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭغا يىغا يامشاتتى، جاھاندا ياشىغۇسى كەلمەيتتى. ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. بۇ، دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. ھېساممۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلدى. بالىلارنىڭ چوڭىيىۋېلىش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يۈكى ئەمدى ئېغىرلاشقانىدى.

شۇ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «يەر ئىسلاھاتى»، «ئىجارە كېمەيتىش» ھەرىكەتلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەھەللە ـ مەھەللىلىرىدە «ياچېيكا» قۇرۇلۇپ، مەھەللە خىزمەتلىرى قاتارىدا سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى تەسىس قىلىنغان، ھېسامۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى «ياچېيكا» ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۇرژۇكىغا قاتنىشىپ يۈرگەنىدى. ئاتىسىنىڭ قىرقى ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە قاتناشقا باشلىدى. شەھەر ئىچى «ياچېيكا»سىنىڭ باشلىقى زىكرى ئەلپەتتا بولۇپ، ئۇ باشقا جايلاردىن بىر نەچچە قابىل مۇزىكانت، ناخشىچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى. شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىمۇ سەنئەت ئىشتىياقمەنلىرى ئاز بولمىغاچقا مەزكۇر ياچېيكىنىڭ سەنئەت قوشۇنى شەھەر بويىچە خېلى كۈچلۈك ئۆمەكلەردىن بىرى بوپقالدى. زىكرى ئەلپەتتا كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىغان «قانلىق داغ» دراماسىنى ئويناش قارارىغا كەلدى. ھېسامۇ بۇ درامىدا ئۆزىگە ماس سەلبىي رول ئالدى.

شەھەر ئىچىلىك سەنئەتچىلەر ئوينىغان دراما شەھەر خەلقى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شەھەر، يېزىلاردا سەييارە قويۇلدى. خەلق ھېسام ئالغان ئىككى يۈزلىمچى ئەلچىنىڭ رولىنى ياقتۇرۇپ قالغان ۋە ھېسام توغرىسىدىمۇ بىر مۇنچە گەپلەر بولغانىدى. ھېسام بۇ درامىدا ئىككى رول ئالغان، قوشۇمچە يايى رولىغىمۇ چىقاتتى.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ھېسام ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللە سەنئەت كۇرژۇكىدىن رەسمىي چوڭ ئۆمەككە، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى «ئىتتىپاق تىياتىرى»غا قوبۇل قىلىندى.

1949 ـ يىلى تارقاق ھالەتتىكى «ئىتتىپاق تىياتىرى» رەسمىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىياتىر بولۇپ قۇرۇلغانىدى. ئەينى يىللاردا مەزكۇر تىياتىرنىڭ باشلىقىدا شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ئىدارە، مەكتەپلەردىن مەھەللىلەرگىچە سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى يەنىمۇ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۆمەك ئەينى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، درامىلارنى (مەسىلەن، «زومىگەرلەر خەلق قولىدا»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق) تەييارلاپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ خەلققە ئويۇن كۆرسەتتى.

«قانلىق داغ» دىرامىسى تەييارلىنىدىغان چاغدا ئۆمەك جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم كۆچ تولۇقلاش قاتارىدا ھېسامنىمۇ مەزكۇر ئۆمەك تەركىبىگە قوبۇل قىلدى. ھېسامنى ئۆمەك رەھبەرلىرىگە زىكرى ئەلپەتتا تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، ئۆزى خېلىدىن بېرى ئۆمەكتە ئىشلەشكە باشلىغانىدى.

«ئىتتىپاق تىياتىرى»دا ئىشلەش ھېسام ئۈچۈن يېڭىلىق ۋە ئابروي ئىدى، ئۇزاق يىللىق ئارزۇيىغا يەتكەندە، خۇشاللىقتىن نەچچە كۈن ئۇيقۇسى كەلمىدى. كوچىدا ھەممە ئادەم ئۇنى مۇبارەكلەيتتى، قىزغىن كۆرۈشەتتى. ھەسەلخان ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىمۇ ھېسام ئۈچۈن خۇش بولۇشتى. ھەسەلخان يوشۇرۇن ئىسرىق سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇمىدى، قۇربان تېرىچىنى ياد ئېتىپ يىغلىدى.

ھېسام ئۆمەككە كىرىپلا «قانلىق داغ»نىڭ يېڭى رەپېتىتسىيىسىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. بۇ يەردىكى رەپېتىتسىيە مەھەللە كۇرژۇكىدىكى رەپېتىتسىيىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. مۇنتىزىم كەسپىي ئۆمەك بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىر رەپېتىتسىيە قاتمۇقات ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى.

رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى ئىنتايىن تەلەپچان كىشى بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىگىمۇ يول قويمايتتى، بىپەرۋالىقنى ياقتۇرمايتتى. مەشرەپ، چاقچاق سورۇنلىرىدىنلا كېلىپ قالغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كەلسە «ياچېيكا»دا بىر نەچچە «رەپېتىتسىيە» دېگەن ئاتالغۇنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان ھېسامغا تىياتىر ئىشىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ئېغىر كەلدى. ئۇ سەللا بايقىمسا شاللىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. سەۋەبى بۇ يەرگە ئىلىدىكى سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەلا سەرخىللىرى كېلىپ يىغىلغانىدى، سىرتتىمۇ يەنە بىر مۇنچە ئىقتىدار ئىگىلىرى مەزكۇر ئۆمەككە كۆز تىكىپ يۈرەتتى.

ھېسام ئاستا ـ ئاستا ئۆمەكنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىغا كۆنۈپ قالدى. بۇ يەردە ئىشلەش كۆڭۈللۈك ئىدى. ئارتىسلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى، خېلىلا ۋاقىچە رەپېتىتسىيە زالىغا يىغىلاتتى. بىرىدىن بىرى قىزىق بۇ ئادەملەر ئالدىنقى ئاخشام غۇلجىنىڭ تۆت تاسىنىقىدىكى سورۇنلاردا تۆردىكى مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. شۇ سورۇنلاردىن يىغىپ كەلگەن قىزىق لەتىپىلەر، يېڭى ئۇچۇرلار ئوتتۇرىغا تۆكۈلەتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى كەلمەيتتى. كىمنىڭ شۇ كۈنى تېپىپ كەلگەن پارىڭى كۆپ ۋە قىزىق بولسا چۈشلۈكى تىياتىر ئۇدۇلىدىكى قاتار كەتكەن ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە بىكارغا خوشالىق ياكى ئۆپكە زاسۇي يەيتتى. بۇنداق شەرەپ تولا چاغلاردا غوپۇر دىڭخۇلۇ ۋە زوردۇن شۆۋە دېگەن ئىككى كىشىگە نېسىپ بوپقالاتتى.

يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان ئىككى كىشى ئىلىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى مۆتىۋەرلەر بولۇپ، قىزىقچىلىقتا بىرى بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئادەملەر ئىدى. بۇ ئىككىلەن بار جايدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىشلار ۋە قىزىق پاراڭلار بولاتتى. كۈلكە ئۆكسىمەيتتى. ھېسامنىڭ چاقچاقچى بولۇپ يېتىلىشىدە بۇ ئىككى زاتنىڭ تەسىرى ۋە تۆھپىسىمۇ ئاز بولمىغانىدى. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ھېسام «مېنىڭ چاقچاقتىكى ئۇستازلىرىم ئىنتايىن كۆپ، دادام، چوڭ دادام، موزدۇزخانىدىكى ئۇستازلاردىن باشقا يەنە غوپۇركام دىڭخۇلۇ، زوردۇنكام شۆۋەلەرنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دېگەنىدى.



تىياتىر ھاياتى ئىنتايىن قىزىق ئىدى. ئارتىسلار ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسا، قىزىقچىلىق قىلىشقا تەييار تۇراتتى. رەپېتىتسىيە ئارىلىقىدا ھېسام چوڭلار كاللەكلەشكەن سورۇنغا كېلىپ «پەيزى ئوغرىلايتتى». بۇ سورۇندا ھېسام ئۈچۈن يېڭىلىق ۋە بايلىق بولغىدەك قالتىس چاقچاقلار قىزىيتتى. يېتىلگەن چاقچاق ماھىرلىرىنىڭ ھەر خىل چاقچاق ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھېسامغا ئۆزى بىلەر ـ بىلمەي سېزەر ـ سەزمەي ئاستا ـ ئاستا بىلىم، نەپ يوقاتتى.

ھېسامنىڭ خاتىرىسىدە ئىلى تە-

www.uyghurkitap.com



ياتىرىغا ئۆزى دەسلەپ قاتناشقان چاغلاردىكى ئاشۇ غەـ
نىيمەت، قەدىرلىك ئادەملەر، زىكرى ئەلپەتتا، زوردۇن
شۇھ، غوپۇر دىڭخۇلۇ، مەتتايىر، ئابدۇنەبى ماناپوپ،
ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، نۇرمەمەت، ئابلاخان كىچى قاتار-
لىق ئۇستازلار، سۆيۈملۈك كىشىلەر مەھكەم ساقلىنىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىبگۇدەك چىن دۇنياغا كەتتى. بىراق بۇ
سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى، گەپلىرى، جۇملىدىن
ئەستە مەڭگۈ تۇرغىدەك قىزىقچىلىقلىرى ئەستىلىك بولۇپ
قالغان، تۆۋەندە شۇ قىزىق پاراڭلاردىن بىر نەچچىنى
ئاڭلاڭ:

ھىسام بىر كۈنى زوردۇن شۇھەنى ئىلى دەريا بويىدا،
بىر نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە كىتىۋاتقان يېرىدە
ئۇچرىتىپ قالدى. ھىسامۇ ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ ئەتراپتا
ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئارىلىقتا ئورمانلىقنى ئايلىنىغاچ
كەتمەن ساپلىققا بىر تال ياغاچ كىسىۋالغانىدى.

ــ زوردۇنكا، چاپچال تەرەپكە ماڭدىڭمۇ نىمە؟ ــ
دىدى ھىسام زوردۇن شۇھەنىڭ لەقىمىگە ئىشارەت قىلىپ.

سەزگۈر زوردۇن ئاكىمۇ بوش كەلمىدى.

ــ پاھ، ھىسام، چىش كولايدىغان ياغىچىڭ ئەجەب
كىچىككىنا! ــ دىدى دەررۇ، ھىسامنىڭ دولىسىدىكى كەت-
مەن ساپىنى كۆرسىتىپ.

يەنە بىر قېتىم كەچلىك ئولتۇرۇشتا بەكرەك ئىچىپ
قويغان غوپۇر دىڭخۇلۇ ئەتىسى رەپىتتىسىيىگە كەلمەي
قويدى. ئۆمەك باشلىقى شۇ كۈنى يىغىنغا كەتكەن بولغاچقا
بۇنىڭدىن بىخەۋەر قالدى. ئۆگۈنلۈكى رەپىتتىس ۋاقتىدا
ھىسام شەيتانلىق قىلىپ، مۇزىكىغا داپ چالغاچ غوپۇر
دىڭخۇلۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇدارىغا چۈشۈرگىنىچە:

ئۆكۈنكىنى دەيمەن ۋاي،
باشلىققا دەيمەن.

دېۋىدى، ئىنكاسى تىز غوپۇر دىڭخۇلۇمۇ دەرھال مۇزد-
كىغا تەڭكەش قىلىپ:

تىنچ ئولتۇرغىن، بىكارغا،
ۋاي خوشالىڭ يەيسەن.

دەپ ئۇدار بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

دەرۋەقە، دائىم باشقىلار مىھمان قىلىدىغان غوپۇر
دىڭخۇلۇ شۇ كۈنى چۈشتە ھىسامنى مايلىق، ئىسسىق
خوشالڭ بىلەن مىھمان قىلدى.

كومپوزىتور ئابدۇنەبى ماناپوپ ناھايىتى ياخشى مۇ-
زىكىلارنى ئىشلەپ قويىدىغان، ئەمما ئۇيقۇچان ئادەم
بولىدىغان، ئۇ ھەتتا رەپىتتىسىيە ئارىلىقلىرىدىكى كالتە
تەنەپپۇسلاردىمۇ خورەك تارتىۋالاتتى. ئۇنىڭ خورىكى
باشلىنىش بىلەنلا، بىردەم جىم ئولتۇرسا زېرىكىپ قال-
دىغان زوردۇن شۇھ راۋابىنى كۆتۈرۈپ ئاستىلا ئابدۇ-
نەبى يېنىغا باراتتى ــ دە، قۇلىقى تۈۋىدە راۋاب چالاتتى.
موزدۇزلۇقتىن كېلىپ چىققان ئابدۇنەبى راۋابنىڭ ئەنسىز
جاراڭلىشىدىن ئۇندۇرەپ، ئويغىنىپ كېتەتتى ــ دە، ئاچ-
چىقى كېلىپ:

ــ بولدى جۇمۇ ئاغىنىلەر، مۇشۇ زوردۇننىڭ دەستىگە
ئۆمەكتە ئىشلىمەي، ياماقچىلىقمىنى قىلاي! ــ دەيتتى.

زوردۇن شۇھ گەپ بەرمەيتتى:

ــ ئەشەدىمۇ ئۇخلاپ قېلىپ، قىشلىق مەيىسىنى سەك-
كىزىنچى ئايدا پۈتتۈرەمسىلەركىن ئابدۇبى، بولدى، خو-
رەك تارتساڭلار ئويغىتىپ قويىدىغانغا مەن بار، ئۆمەكتە
ئىشلەۋېرىڭلار!

... ئاشۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قوينىدا، ئۆمەكتە
ھىسامنىڭ مەنىلىك بىر نەچچە يىلى ئۆتتى. ۋاقىت ئۆت-
كەنسېرى ئۇنىڭ كەسپكە كۆزى، چاقچاقچى قۇلىقى پىشىپ
بارماقتىدى. شۇ يىللاردا ئۇ بىر مۇنچە روللارنى «قاد-
لىق داغ» درامىسىدا ئىككى يۈزلىمچى ئەلچىنىڭ رول-
نى، «گۈلنىسا» درامىسىدا ئەلچى رولىنى، «غۇنچەم»
درامىسىدا سىپىت ماڭقا رولىنى ۋە باشقا دراملاردا ھەر
خىل قوشۇمچە روللارنى ئالدى. ھىسام قايسىلا رولغا
چىقمىسۇن، شۇ رولنىڭ كۈلكىلىك خۇسۇسىيىتى ئاشاتتى.
رېژىسسور ئۇ چىقىدىغان رولنىڭ ئالاھىدىلىكى، مې-
ڭىش ـ تۇرۇش ۋە گەپ ـ سۆز قىياپەتلىرىنى كۆرسە-
تىپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئەمەلىيەتتە كۆر-
ستىش نۆۋىتى ھىسامنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. گايىدا رې-
ژىسسور دەپ بەرگەن ھەرىكەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى
دىگەندەك ئەپلەشتۈرەلمەي، ئۆزىچىلا بۆلەك بىر ھەرد-
كەتلەرنى قىلىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا رېژىسسور
گايىدا ئاچچىقلىنىپ:

ــ ھىسام، بۇ سېنىڭ چاقچىقىڭ ئەمەس، نىمىلا دې-
سەڭ بولۇۋېرىدىغان، باشقىدىن كەل! ــ دەپ ۋارقىرايتتى.
گايىدا ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھىسام قورسىقىدىن



چىقارغان هەرىكەت رېژىسسورغا يېقىپ قالاتتى:

—ۋاھ، مانا ماۋۇ بولىدۇ، خېلى دىتىلىك بار جۇمۇ سىنىڭ ھېسام. شۇ هەرىكەتنى باشقىدىن بىر كەلگىنە!

ھېسام رەپىتىس قىلغان چاغلاردا كۈلكە - چاقچاقلار تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. غوپۇر، زوردۇن قاتارلىق مۇزىكانتلار بىرى تەمبۇرنى، بىرى راۋابىنى كۆتۈرۈشۇپ، قىزىقچىلىق كۆرسىتىدىغانغا رەپىتىسىيە سەھنىسىگە ئۇلىشاتتى.

—پاھ ھېسام، مۇشۇ مىچىشىلىك هەر قانداق رولغا بولۇۋېرىدۇ، جۇمۇ!

— بولۇپمۇ مەستىنىڭ رولىغا ئۇيۇپ كېتىدۇ، بۇ!

گايىدا رېژىسسور خاپا بولاتتى.

—نېمانداق هەممىڭلار ھېسامغىلا يېپىشۋالسىلەر، كۆرمىدىڭلارمۇ هودۇقۇۋاتقانلىقىنى بۇنىڭ!

غوپۇر دىڭخۇلۇ چاقچاق قىلاتتى:

—بۇنىڭ ئاشۇنداق شىرىنىسى بار نېمىچۇ رېژىسسور، ئادەمنى بىلىندۇرمەيلا ئۆزىگە يېپىشتۇرۇۋالىدۇ.

ئوتتۇرىدا تۇرغان رولغا قايتا - قايتا كىلىپ تەرلىگەن ھېسامۇ بوش كەلمەيتتى:

— پىلىككىنىمۇ سەزدۇرمەيلا مايغا چىلاشتۇرۇۋېتەمىز - دە، غوپۇركا!

رېژىسسورمۇ كۈلۈۋېتەتتى.

سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە كەچلىك تامىقنى يەپ بولۇپ كوچىغا چىققان ياش باللار بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى:

—يۇرۇڭلار هەي، بۈگۈن «غۇنچەم» دېگەن ئويۇننى قويىغىدەك، بىكار تۇرغىچە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەيلەمۇ!

—ھەي، قانداق ئويۇنكىنتاك.

—ئويۇنى بىلەن نېمە چاتىقىڭ، مۇنۇ بىزنىڭ ھېسام سىيىت ماڭقا بولۇپ چىققىدەكمىش، شۇنى كۆرمەيمىزمۇ.

—ھۇسەننىڭ ئاكىسى ھېسامكاما؟ ياماق قىزىق نېمە راست ئۇ، بارىلى.

—سىيىت ماڭقا دېگىنى كىمكەنا ئۇ؟

—شاڭيۇنىڭ ئەركە ئوغلى دەيدىغۇ، غۇنچەمنى شۇ ئالغۇدەك...

—ئالامەت پەيزى رولغا چىقىدىكەندە ھېسام، هە. ئارتىسلىقمۇ ياخشى ئوقەتتە!

—پۇلمۇ ياخشىدۇر هە؟—نەچچە بىرەر؟

—ۋايىتاك، بۇدا ھېسامكامنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقلى جۇمۇ مەڭسۇر.

ھېسام هەر بىر يېڭى رولغا چىققاندا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە بىر شاۋ - شۇۋ بولاتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي، سەھنىدىكى رولى بويىچە چاقىرىدىغانلارمۇ چىقاتتى.

—هاي سىيىت ماڭقا، توختاپ تۇرە!

—نەگە ماڭدىڭخۇي ئەلچى؟

بۇنداق چاقىرىشلار ھېسامغا ياقاتتى، چۈنكى ئۇ سەنئەت ئەھلى بوپقالغانىدى. باشقىلار ئۇنى سەھنە ئادىمى، رول ياراتقۇچى دەپ بىلەتتى. ئارتىس ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكاپات بولمايتتى.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا

# سەمەرقەنتتىن قۇمۇلغىچە

## —قۇمۇلدىكى «غوجام» لار ۋە «ئاتا» لار

ئابلىز ئۇرخۇن



شىنجاڭدىكى ئاز ساندىكى بۇددا مىللەت ئۆيلىرى، قەدىمكى قەبرىلەر قاتارلىق بۇددىزم ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت يادىكارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمىنى مەسچىت ۋە مازار قۇرۇلۇشلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ھەربىر يۇرتتا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى دىن تارقاتقۇچى ۋەلىيلەرنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن مۇتلەق پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مازارلىرىدۇر. «مازار» سۆزى ئەرەبچە بولۇپ، زارلىنىدىغان، يىغلىنىدىغان جاي دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. مازارلارغا تېۋىنغۇچى ئۇيغۇرلار مازارلاردا ياتقان شەخسلەرنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان سەييىدلەر، ۋەلىلەر ياكى ئەۋلىيالىق خىسلىتىگە ئىگە شەخسلەر، دەپ تونۇيدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئەجدادلىرىدىنمۇ ئارتۇقراق ئۇلۇغلايدۇ، بۇ يەرلەرنى ئۇلۇغ يەر، ئىگىلىك يەر دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ زارلىنىدۇ، تۇرلۇك تىلەكلەرنى تىلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق روھىي جەھەتتە تەسەللى تاپىدۇ. مۇنداق ئۇلۇغ جايلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئومۇمەن «مازار» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن مازار ئىگىسىنىڭ ناملىرى ۋە جايلاشقان ئورنىغا قاراپ «ئىماملىرىم»، «ئوردام» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بىراق، قۇمۇلدىكى مازارلار ئومۇمىيۈزلۈك «غوجام» دەپلا ئاتىلىدۇ. مازارلارغا بولغان تېۋىنىش ھازىر تۇرلۇك سەۋەبلەردىن بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. شۇڭا مازارلاردا ياتقان شەخسلەرنىڭ رېئال شەخس بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مازارلار بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. مازارلارنى ئۆزەك قىلغان تۇرلۇك ئۆرپ ـ ئادەت، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، يازما يادىكارلىقلارمۇ ئەنە شۇ مەدەنىيەتلەر قاتارىدا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە، ھەتتا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە مازار تەتقىقاتى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلمەكتە، ياپونىيىدىكى تويوتا فوندىمۇ 2005 ـ يىللىق ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى بولغان «ئاسىيانىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ھۆججەتلەرنى ساقلاش، يىغىش، تەتقىق قىلىش» پىلانىغا «شىنجاڭ ۋە پەرغانىدىكى مازار يازمىلىرىنى تەكشۈرۈش، يىغىش ۋە تەتقىق قىلىش»نى كونتېرتىپكە كىرگۈزدى.

قومۇل ۋىلايىتىدىكى مازارلار مانا مۇشۇ پىلان ئىچىدىكى ئۇقتىلىق تەتقىقات نىشانلىرىنىڭ بىرى. ھازىر ياپونىيە، جۇڭگو، ئۆزبېكىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇشۇ تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

**1. مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر ۋە ئۆزۈندىلەر**

قومۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مۇنداق «غوجام» لارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. مەرھۇم تارىخچى ھاپىز نىياز «قومۇل گۈلىستانلىقى» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە «ئەرەبىستان، ئەجەم، پەرغانە، بۇخارا، نەمەنگان، بەلخكە ئوخشاش جايلاردىن 1780 - يىلى، يەنى ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرىگىچە قومۇلغا كېلىپ توختىغان ئەۋلىيا، ماشايىخلارنىڭ سانى رىۋايەتلەر مەزمۇنىچە ئەللىككە يەتكەن دېيىلىدۇ. لېكىن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە قىرىق سەككىزدۇر» دەيدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە بايان قىلىدۇ:

«1. توغلۇق مازار - سۇلتان سەييىد ئەھمەد بەلخى ئاتا؛ 2. ئايلىق مازار - سۇلتان تۆمۈر كۆركلۈك ئاتا؛ 3. غايىب مازار - مەۋلانە ھەسەن ئاتا؛ 4. خوجا مەسچىت مازار - ھەزرىتى خوجا ئەزەم ئاتا؛ 5. ساراي مازار - ھەدايىتۇللا ئاپپاقنىڭ تۇغۇلغان جايى. سۇ بېشىدىكى قەدىم جايدا ئىككى شاگىرتى بار. بۇلارنىڭ بىرى تۆكباش سوپام، يەنە بىرى قۇش مۇڭگۈزلۈك سوپام؛ 6 - 7. ئەزىزىم مازار - ئايال كىشىلەردۇر، بىرى بىبى رابىيە، يەنە بىرى بىبى ئەدەۋىييە؛ 8 - 9. لەڭگەر مازار - بىرى قىيامىدىن ئاتا، يەنە بىرى غىياسىددىن ئاتا؛ 10. بوغاز مازار - سۇلتان بۇرھاندىن كۆك تونلۇق ئايۇپ ئاتا؛ 11. سۇمقارغۇ مازار - ئۇۋەيس ئەزنى ئىبراھىم ئەدھەم؛ 12. ئاستانە مازار - ھەزرىتى مەۋلانە ئابدۇل ئەلىم تاھىر. بەزى رىۋايەتلەردە سۇلتان سوپى دانىشمەن، بەزى رىۋايەتلەردە ھەممە ئەۋلىيالارنىڭ سەر ھەلقىسى دېيىلىدۇ. 13. توغۇچى قارا ياغاچلىقتىكى مازار - شەھىد سۇلتان مەلىك ئاتا؛ 14 - 15. كۆچەتلىكتىكى مازار - ھەزرىتى سۇلتان لۇك ئاتا؛ يەنە بىرى ئايال كىشى بولۇپ ئىسمى ھەزرىتى قەدىسىرى رۇم گۈلچېھرە ئەزىزىم؛ 16. چاقماق مازار - ھەزرىتى شەيخ سەئىدى رەھمەتۇللاھۇ، بۇ زات نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بىللە بولغاچقا ھازىرمۇ ئەسكىرى پىنھان دېيىلىدۇ؛ 17 - ، 18 - ، 19. لاپچۇق شەھەر ئىچىدىكى مازارلار - غوجا سەئىد، لەقەبلىرى ئەبۇ نەسر، يەنە بىرى سۇلتان بابا دارچىن ئەزەم ئاتا، يەنە بىرى ئوغلى بولۇپ، فەقىيە مۇھەممەد؛ 20. لاپچۇقنىڭ تۇرپان يولىدىكى مازار - ھەزرىتى سۇلتان سەئىد لۇك ئاتا؛ 21. جاي غوجام - ھەزرىتى ئاپاق غوجامنىڭ بوۋىلىرى مىر سەييىد جېلىل قەشقىرى دېگەن زات، بۇ جايدا نەچچە يىللار دەرس ئېيتقان جايدۇر؛ 22 - 23. شەھەر ئۈستۈنى قارا دۆۋە ئۇلۇغ يولىدىكى غوجا بىغەم مازىرى - بىرىنىڭ ئىسمى موللا ئابدۇل ئەلىم غوجا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى غوجا ئىسمائىل؛ 24 - 25. شەھەر ئۈستۈنىدىكى يەنە بىر مازار مەۋلانە سەئىددىن ئەزىز كاسانى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى شەيخ سۇلتان؛ 26 - ، 27 - ، 28 - 29 - ، 30 - ، 31 - ، 32 - ، 33 - ، 34 - ، 35. قارا ياغاچلىق مازىرى - سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى، خوجا ئەھرار، خوجا ئىسمائىل زاھىدى، ئەرشىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلانلىرى خوجا ھەسەن، خوجا شەيخ مۇھەممەد غەززالى، سۇلتان ئارىپىن، خوجا ئەھمەد سەئىد، مەنسۇرىييە، خۇدايار شەيخ، بىرى ئايال بولۇپ، ئىسمى بىبى مەريەم. بۇ ئىلگىرى غايىب مازار پادىشاھىملار تۇرغان جايدۇر؛ 36. ئەللىك مازار - سۇلتان ئەزىزۇللا؛ 37 - ، 38 - ، 39. ئوغلان بۇلاق غوجام - ھەزرىتى مۇھەممەد يەھيا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ھەسەن ۋە ھۇسەيىن شەھىرى ئىسكەندەرىييە؛ 40 - ، 41 - ، 42 - ، 43 - ، 44. يالغۇز تويۇن مازىرى - ھەزرىتى ئىلمى رەھمەت خەيرى ئاباد دوستلىرىم، تۆت مۇرىتى بىلەن بىرگە، مۇرىتلىرىنىڭ ئىسمى نامەلۇم؛ 45 - ، 46 - ، 47. ئاراتۇرك مازار - ھەزرىتى سەيدۇللا غازى ۋە بىبى ھەدىقە ۋە بىبى خەدىچە؛ 48. نېرىنكىر تېغىدىكى دەرەخلىق غوجام - بۇ زاتنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس؛ 49. شىڭشىڭشىيادا ياتقان قەيس غوجامدۇر» ① .

1950 - يىللارغىچە قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا تۆۋەنتۆر كەنتىگە مۆتىسىپ بولغان ئاقموللا خەلپەت (1910 - 1970) تىن قالغان ئارىلاشما قوليازمىدا جەمئىي 20 مازاردا ياتقان 22 كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: 1. بەش قومۇلنىڭ چىراغى سۇلتان سوپى دانىشمەن 2. بىبى رابىيە، بىبى ئەدەۋىييە؛ 3. سۇلتان سەييىد بەلخى ئاتا؛ 4. سۇلتان سەئىددىن ئاتا؛ 5. سۇلتان بەدىردىن ئاتا؛ 6. سۇلتان مىرغىياسىددىن ئاتا،

سۇلتان قىيامىددىن ئاتا؛ 7. سۇلتان بۇرھانىددىن ئاتا؛ 8. سۇلتان ئىلمى راھەت ئاتا؛ 9. سۇلتان خوجا مەلىك ئاتا؛ 10. سۇلتان شاھ قاسىم ئاتا؛ 11. سۇلتان ئەبۇ نەسىر خوجا؛ 12. سۇلتان چىن ماچىن رەھىم ئاتا؛ 13. سۇلتان ئىبراھىم ئاتا؛ 14. خوجا خىزىرخان غوجام ؛ 15. مىرىز تۆمۈرخان خوجام؛ 16. خوجا بىغەم غوجام...؛ 17. خوجا كاسانە غوجام؛ 18. سۇلتان غازى شەھىد ئاتا؛ 19. مەۋلانە لەتىپۇللا خوجام؛ 20. ئەللىكتىكى غوجام (ياسىن ئەممە).

يۇقىرىقى ئىسىملار مازارى ـ ماشايىخلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئوقۇلىدىغان تىلەك دۇئاسى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە باشقا نامەلىرى ئەسكەرتىلمىگەن.

مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر قولىيازما قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا ئەلكە كەنتىدىكى ھىمىت ھاجىدا ساقلانغان قولىيازما بولۇپ، ئۇنىڭدا 71 كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان:

1. سۇلتان ئەزىزۇللا ياكى ياسىن ئەممە (ئەللىك غوجام)؛ 2. سۇلتان سەيىد بەلخى ئاتا (تۇغلۇق بۇزرۇكۋار)؛ 3. سۇلتان كۈمۈش كۆرۈكلۈك ئاتا (ئايلىق بۇزرۇكۋار)؛ 4. مەۋلانە ھەسەن ئاتا (غايىب بۇزرۇكۋار)؛ 5. مىر ئەزەم شاھ ئاتا (خوجامەسچىد بۇزرۇكۋار)؛ 6. سارايى بۇزرۇكۋار (ئاپپاق خوجىنىڭ تۇغۇلغان جايى)؛ 7. تۆكباش سوپى؛ 8. قوش مۈڭگۈزلۈك سوپى (ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى، مازىرى يوق)؛ 9. بىبى رابىيە؛ 10. بىبى ئەدەۋىييە؛ 11. ئەزىزىم ئاغىچام؛ 12. خوجا ئەھمەد ۋەلىيۇللا ( سۇ بېشىدا)؛ 13. پىر ئەھمەد ۋەلى (چوڭگۈمباتتا، مازىرى بۇزۇلغان، ئالدىنقى كىشىنىڭ ئاكىسى)؛ 14 ـ، 15ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18. پەنجنامە ۋەلى (جەمئىي بەش كىشى، ئىسمى نامەلۇم، ئورنى ئالتۇنلۇقتا)؛ 19. ئوشۇر قەلەندەر (يېرىم ئەۋلىيا، شور ياقىسىدا)؛ 20. قىيامىددىن ئاتا؛ 21. غىياسىددىن ئاتا (لەڭگەر بۇزرۇكۋار)؛ 22. سۇلتان كۆك تۇغلۇق كۆرۈكلۈك ئاتا (بوغاز بۇزرۇكۋار، بۇ كىشى لەڭگەردىكى ئىككى خوجىنىڭ ئاكىسى)؛ 23 ـ 24 ـ، 25. ئۇۋەيىس ئەزنى ئىبراھىم ئەدھەم (بۇلار ئەسلىدە ئۈچ كىشى بولۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ ئىسمى نامەلۇم (ئورنى سۇمقارىغا)؛ 26. ئابدۇل ئەلىم (ئاستانە بۇزرۇكۋار)؛ 27. ئورداخىي مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى ۋەلىلەرنىڭ ئىسمى نامەلۇم؛ 28. تۆۋەن ئوردىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر ۋەلى بار، ئىسمى نامەلۇم؛ 29. قورغۇي ئاغىچام (يار تۈگمەن)؛ 30. قەيىس غوجام (چاھار باغدا)؛ 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34. ئۈچ ئەر، بىر ئايال؛ 35. قەيسىرى رۇمى؛ 36. گۈلچىھرى ئەزىزىم؛ 37. سۇلتان كۆرۈكلۈك ئاتا؛ 38. ئابدۇلمەلىك ئاتا (كۆچەتلىكتە)؛ 39. شەيخ سەئىدى ئاتا (چاقماق بۇلاقتا)؛ 40. ئەزىزە گۈلخان ئاغىچام (ئالتە ئوغلى بىلەن بىر، چاپقاغۇدا)؛ 41. خوجا لەقەب؛ 42. ئەبۇ نەسرىددىن؛ 43. سۇلتان بابا داچىن ئەزەم ئاتا؛ 44. فىقىيە مۇھەممەد (بۇ تۆت كىشى لاپچۇق كونا شەھەر ئىچىدە)؛ 45. بوستان بۇزرۇكۋار (لاپچۇقتا، ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مىر سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭ پائالىيەت قىلغان جايى)؛ 46. موللا ئابدۇل ئەلىم خوجام؛ 47. خوجا ئىسمائىل (بۇلار لاپچۇق شەھەر ئۈستىدە)؛ 48. ئىسمى نامەلۇم (نەزەر باقى سەدىرنىڭ ئىشىك ئالدىدا)؛ 49. نامەلۇم ئاغىچامىلار (لاپچۇقتا، زوردۇن شەيخنىڭ ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىدە)؛ 50. سۇلتان سەئىد لوك ئاتا (لاپچۇقتىكى تۇرپان يولى بۇزرۇكۋار)؛ 51. مەۋلانە سەئىددىدىن ئەزىز كاسانى (قارا دۆۋە شەھەر ئۈستى)؛ 52. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى؛ 53. خوجا ئەھرار ۋەلى؛ 54. خوجا ئىسمائىل زاھىد خوجا ھەسەن؛ 55. خوجا ھۈسەيىن؛ 56. شەيخ ئەھمەد غەززالى؛ 57. سۇلتان ئەلى ئارىپىن؛ 58. خوجا مۇھەممەد سەئىد؛ 59. خوجا مەنسۇر؛ 60. خۇدايار شەيخ؛ 61. بىبى مەريەم ئاغىچام (يۇقىرىقى ئون كىشىنىڭ مازىرى قارايائاغاچ



بۇزرۇكۋار دېيىلىدۇ، قارادۆۋىدە)؛ 62. غايىب بۇزرۇكۋار (ئاپاق غوجىنىڭ تۇرغان جايى)؛ 63. خوجا بىغەم (قارا دۆۋە ئۇلۇغيولدا)؛ 64. مۇھەممەد يەھيا (ئوغلان بۇلاقتا، ئىككى مۇرىتى بىلەن سىلىنداتشەھىرىدىن كەلگەن)؛ 65. ھەسەن؛ 66. ھۈسەيىن (يۇقىرىقى كىشىنىڭ سوپىلىرى)؛ 67. سۇلتان ئىلمى راھەت ئاتا (يالغۇز تويۇندا، تۆت مۇرىتى بىلەن بىللە)؛ 68. سەيدۇللا غازى؛ 69. بىبى ھەدىقە؛ 70. بىبى خەدىچە ( بۇ ئۈچ كىشىنىڭ مازىرى ئاق گۈمبەز بۇزرۇكۋار دېيىلىدۇ، ئاراتۇرۇكتە)؛ 71. خوجا ئابدۇللا ئەنسارى؛ 72. شەيخ ئابدۇللا غازى (بۇ ئىككى كىشى ياتقان مازار دەرەخلىق غوجام دېيىلىدۇ، ئاراتۇرۇكتە)؛ 73. شىرىنزا غوجام 74. تىگەر پايپاق غوجام (بۇ ئىككىسى بارىكۆلدە).

بۇ قولىيازمىدا يۇقىرىقى تىزىملىك خۇلاسىلىنىپ «بۇ قومۇل ئەتراپىدا 41 ئەر، سەككىز ئايال، 12 ۋەلى، توققۇز سوپى، ئۇلارنىڭ ئون ئوغلى بولۇپ 70 ئەۋلىيا» بار دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە 70 تىن ئاشىدۇ. بۇ ئۈچ قولىيازمىدا تىلغا ئېلىنمىغان يەنە بىر مۇنچە مازارلار بار. مەسىلەن: قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا چوڭگۈمبات مەھەللىسىنىڭ شىمالىدىكى «نىيازلىق غوجام»، شەھەر ئىچى يېزا ئورداخىيى مەھەللىسىدىكى «ھاتى غوجام»، قومۇلدىكى خۇيزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر مازار لىنمىڭتاڭ مازىرى، شۇئەيىپ غوجام قاتارلىقلار. شۇڭا، قومۇلدىكى مازارلارنىڭ ۋە ئۇ يەردە ياتقان كىشىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى ھازىرغىچە بېكىتىش تەس.

يۇقىرىقىلار قومۇلدىكى مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق قولىيازمىلار بولۇپ، بىر ـ بىرىنى زور دەرىجىدە تولۇقلايدۇ. بۇلاردىن باشقا 1892 ـ يىلى قومۇل، تۇرپانلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى كاتانوفمۇ ئابدۇللا كاھ دېگەن كىشىنىڭ ئاغزىدىن قومۇلدىكى 18 مازارنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىگەن. بىراق، قومۇلدىكى مازارلارنىڭ زور كۆپ قىسمى يەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن كاتانوفمۇ شۇ پېتى خاتىرىلەپ قويغان. كاتانوفنىڭ خاتىرىسىدە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇزرۇكۋار دېگەن بىرلا يېڭى ئۇچۇر بار ② .

قومۇلدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردە پۈتكۈل شىنجاڭدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن سوپا ـ ئىشانچىلىق ھەرىكىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئەڭ كېيىن ئومۇملاشقان رايون بولغانلىقىغا قارىماي« سوپىيانە قومۇل» دەپ سۈپەتلەندى. شۇڭا، قومۇلدا نوپۇس ۋە ياشاش مۇھىتىنىڭ تارلىقىنىڭ ئەكسىچە مازارلارنىڭ سانى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا كۆپرەك. بىراق، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قومۇلدىكى مازارلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدەك داغدۇغىلىق تاۋاپ، زىيارەت، تىلاۋەت، سەيلە ـ ساياھەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلەپ تۈنەپ « زارلىنىدىغان»، «يېلىنىدىغان» ئادەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا. ھېيت ـ بايراملاردا ئاز ـ تولا پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلسىمۇ، لېكىن باشقا يۇرتلاردىكىدەك ئاممىۋى تۈس ئالالمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن مازارلار قارانچۇقسىز (شەيخسىز) چۆلدەرەپ قالغان.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل چاغاتايچە ئاساسلىق مەنبەدە غوجىلارنىڭ ئىسمىلىرى، سانى، جايلاشقان ئورنى مەسىلىسىدە خېلى زور پەرقلەر بار. كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بىر نەچچە خىل كۆچۈرۈلگەن ياكى جايلاشقان ئورنى ھەرخىل كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ داۋاملىق سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئاقموللا خەلپەتنىڭ قولىيازمىسىدىكى بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمى (سۇلتان بەدىردىن ئاتا، سۇلتان شاھ قاسىم ئاتا، سۇلتان ئىبراھىم ئاتا، خوجا خىزىرخان غوجام، مىرىز تۆمۈرخان غوجام) قالغان ئىككى قولىيازمىدا ئۇچرىمايدۇ. بۇ بەلكىم قالغان ئىككى قولىيازمىدا ئىسمى نامەلۇم دېيىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ قولىيازمىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، بۇنىڭدا ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مازارلارنىڭ ھېچقايسىسى تىلغا ئېلىنماي پەقەت «ئاتا»لارلا تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىقى مازارلاردا ياتقان شەخسلەرگە ئائىت تەزكىرە، ۋەقىپنامە، شەيخ تەيىنلەش يارلىقى، مازار قۇرۇلۇشىغا دائىر قولىيازما ھۆججەتلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە



ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مازارلاردا ياتقان شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇيغۇرلار ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك بۇ شەخسلەر ئۈچۈن مەخسۇس تەزكىرىلەرنىڭ تۈزۈلمىگەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ھاپىز نىيازنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قومۇلدا ياتقان كۆپىنچە غوجىلارنىڭ مازارلىرىنى قومۇل ۋاڭى ئەردەشىر چىنۋاڭ ياساتقان ۋە رېمونت قىلدۇرغان ئىكەن. مازار شەيخلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، كۆپ سانلىق مازارلار ئۈچۈن ۋاڭلىق تەرىپىدىن مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن بولسىمۇ، ھازىر پەقەت ئەزىزىم ئاغىچام مازىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاشلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بىراق، بۇ تاش مەزمۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ھەمدۇسانالار بولۇپ، مازاردا ياتقان شەخسلەر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قانائەتلىنەرلىك ئۇچۇر يوق. پەقەت سول تەرەپتىكى تاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدا بۇ تاشنىڭ ھىجرىيە 1304 ـ يىلى تىكلەنگەنلىكىدەك بىرلا ئەھمىيەتلىك مەلۇمات بار.

2004 ـ يىلى ئەزىزىم ئاغىچام ئەتراپىدىكى كىشىلەر ساقلاپ كەلگەن؛ ئەزىزىم ئاغىچامنىڭ تەزكىرىسى دەپ قارالغان 125 بەتلىك بىر تەزكىرە بايقالدى. بۇ قولىيازمىدا ھەققەتەن يۇقىرىقى «ئىككى ئايال» كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىسىمۇ لېكىن كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرنى قومۇلغا باغلاپ چۈشىنىش تەس.

لەڭگەر «غوجام» ئۈچۈنمۇ ئىككى مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خەتلەر پۈتۈنلەي تونۇغۇسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

قومۇل شەھەر ئىچى يېزا خوجا مەسچىت مازىرىدىكى تاشنىڭ پەقەت بىر نەچچە يوچۇقىلا ساقلىنىپ قالغان. ئاشۇ تاش پارچىلىرىدا «كۆچەك» جەمەتلىك بىر قانچە كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇلاردىن باشقا مازار تارىخىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللار يوقنىڭ ئورنىدا.

يۇقىرىقىدەك تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مازارلاردا ياتقان كىشىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، قومۇلدىكى پائالىيەتلىرىنى ئېنىقلاش ناھايىتى قىيىن مەسىلىگە ئايلانماقتا. كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاد چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش يۈرگۈزۈشنىڭ قەتئىي ئىمكانىيىتى يوق. شۇنداقتىمۇ شۇنى قەتئىي ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، سۇتۇق بۇغراخان مازىرى (ئاتۇشتا)، ئىبراھىم ئەدھەم مازىرى، سۇلتان سوپى دانىشمەن مازىرى (سۈرىيىدە)، ئىمام مۇھەممەد غەززالى (باغدادتا)، بۆۋى رابىيەئى ئەدەۋىييە مازىرى (ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىدە) قاتارلىق مازارلارنى قومۇلغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ھازىرچە ھېچقانداق ئاساس يوق.

بۇ مازارلار ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشنىڭ بىر قانچە تۆرلۈك رېئال ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن. 1. بۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتى قومۇلدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى ھەرقانداق تەتقىقات نەتىجىسى قومۇلغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش جەريانىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ؛ 2. مازارلار ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ۋە مۇشۇ مازارلارغا باغلانغان يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ؛ 3. قومۇللۇقلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنى ۋە جەمئىيەت قاتلىمىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، قومۇلدا لەقەمسىز جەمەت بولمايدۇ، قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بىر مۇنچە كىشى بىر جەمەت لەقىمى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، بىر توپ جامائەتچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان جەمەتلەردىن يۇغۇرۇلغان خەلق قومۇل ئۇيغۇرلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا قومۇلدا «ئىگىسىز يەر بولماس، لەقەمسىز ئەر

(بولماس)»، «لەقەمسىزنىڭ يېرى يوق» دېگەندەك ئاتىلار سۆزى تارقالغان.

**2. «غوجام» لار ۋە «ئاتا»لارنىڭ يىلتىزى ھەققىدە**

يۇقىرىقى جەمەتلەر ئىچىدە بىر مۇنچە جەمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى قومۇلغا دىن تارقىتىش ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ يەرلەشكەن بەلخلىق، بۇخارالىق، يەمەنلىك كىشىلەرگە باغلايدۇ. ئائىلىۋى، قومۇلدىكى بىر قانچە خەلىپە جەمەت ئىچىدە بىر خەلىپە جەمەت ئۆزىنى ئۇچتۇر خەلىپىگە، ئاخۇنلۇق جەمەتى بەلخكە، تەقى جەمەتى ئۆزلىرىنى ئىمام تەقىگە باغلايدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ ئېنىق يازما پاكىتلار بولمىغان ئەھۋالدا قومۇلدىكى مازارلارنىڭ تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزدىكى يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئالاقىدار ۋەلىلەرنىڭ قەبرىلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك مازار ياكى مازارلاردا ياتقان شەخسلەر ناملىرى بىلەن «ئىماملىرىم»، «ئۇردام» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، قومۇل ۋە تۇرپاندىكى مازارلار «غوجام» دەپلا ئاتىلىدۇ، ئاياللارنىڭ مازارلىرى «ئاغىچام» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنداقتا قومۇلدىكى «غوجام» لارغا قانداشلىق جەھەتتە كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇلار كىملەر؟ شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قومۇلدىكى نەچچە يۈزلىگەن جەمەت ئىچىدە پەقەت قومۇل ۋاڭ ئەۋلادلىرىلا ئۆزلىرىنى خوجا جەمەت دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر تارىختىكى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ «غوجام» لارنىڭ مازارلىرىنى ياسىتىشى، رېمونت قىلدۇرۇشىنى مانا مۇشۇ سەۋەبتىن دەپ چۈشەندۈرسە، يەنە بەزىلەر بۇنى ۋاڭلارنىڭ ئىسلامغا ھامىيلىق قىلىشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇنداقتا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ «غوجام»لار بىلەن ھەقىقەتەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

قومۇل ۋاڭلىرى ئۆزلىرىنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 3 ـ ئوغلى چىن تۆمۈرخانغا باغلايدۇ. ۋاڭلارنىڭ نەسەبى بويىچە چىن تۆمۈرخاندىن مەۋلانە شەيخ تارخان دېگەن ئوغۇل قالغانىكەن.

قومۇل ۋاڭلىرى ئەنە شۇ مەۋلانە شەيخ تارخاندىن تارقالغانىكەن. مەۋلانە شەيخ تارخانغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق مەنبە بولمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ 7 ـ ئەۋلادى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ھەقىقەتەت تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس، يەنى تۇنجى ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى. بىراق، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چىن تۆمۈرخان ئىسىملىك ئوغلىنىڭ بارلىقى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل پەرزەنت قالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چىن تۆمۈرخان ئىسىملىك ئوغلىنىڭ تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىمۇ تېخى تالاشتىكى مەسىلە.

موللا مۇسا سايرامىمۇ «تارىخىي ھەمىدى» دە «قومۇل ۋاڭلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسەب ۋە ئەسلىنى تارخانبەگلەرگە باغلايدىكەن» ③ دەيدۇ. تارخانبەگلىك ئەسلىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىگە خاس ئاتالغۇ بولۇپ، موڭغۇللاردىمۇ مۇشۇنداق مەنسەب تۈزۈلمىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تارخانبەگلەر ئەسلىدە خاندىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر توپ كىشىلەردۇر. كېيىنكى مەزگىللەردىكى تارخانبەگلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا ھەربىي ھوقۇق تۇتقان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بىر تۈركىي تەبىقىنىڭ ئىسمى ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «تارخانبەگلىك»نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئارغۇ ئاقساقاللىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ④ . شۇڭا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كېسىپ ئېيتىش تەس.

مەۋلانە شەيخ تارخاندىن كېيىنكى مۇھەممەد شاھ غازىبەگكىچە بولغان ئالتە ئەۋلاد كىشىنىڭ ھەممىسى «غازى» ئاتالغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قومۇلدىكى موڭغۇل ئەۋلادلىرىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۇرۇشلىرىدا «غازى»لىق ئاتىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بىراق، بۇ ئالتە «غازى» نىڭ ئىسمى يۇقىرىقى مازارلار قاتارىدا كۆزگە چېلىقمايدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى،

چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دىنىي ھوقۇق بىلەن سىياسىي ھوقۇق ئايرىم - ئايرىم كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. كۇچا، ئاقسۇ تەۋەسى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ مەنىۋى دىنىي داھىيلىق ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ئىدى، شۇڭا قۇمۇل ۋاڭلىرى ئۆزلىرىنى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلايدىكەن، ئۇنداقتا دىنىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنىڭ بىر يولى ۋاڭ جەمەتىنىڭ قولىدا بولۇشى سەل ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. يەركەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتكۈل خانلىق دائىرىسىدە ئۆز نوپۇزىنى تىكلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ۋە شەرقىي شىنجاڭ دائىرىسىدىكى دىنىي نوپۇزىنى سۇسلاتقان ئەمەس.

ئۇلاردىن باشقا ئەلشىر نەۋائى، يەسەۋىلىك تەرىقەتىنىڭ پېشۋالىرىدىن ھاجى يۈسۈپ دېگەن كىشى ھەققىدە توختىلىپ «ھاجى شەيخ يۈسۈپ ئاتانىڭ ئوغلىدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاتىسىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشۈپتۇ. ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ئۇلۇسى ئۆزىنى ئۇنىڭغا مۇرىتلىققا بېغىشلاپتۇ. ئارلات ئۇلۇسى ۋە تارخان ئېلىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىكلىرى ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپتۇ» ⑤ دەيدۇ.

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى بۇ تارخان ئېلىنىڭ قۇمۇلدىكى تارخانبەگلەر بىلەن باغلىنىشىنىڭ بار - يوقلۇقى تېخى نامەلۇم.

قىسقىسى، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى غوجا ئەۋلادى ھېسابلىشىنى قۇمۇل ۋاڭلىقىدا دىن بىلەن سىياسىينىڭ بىرگەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.



ئۇنداقتا ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن باشقا «غوجام» لارغا بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار باشقا جەمەتلەر بارمۇ - يوق؟

ھازىرغىچە ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇمۇل تەۋەسىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشى ئۆزلىرىنىڭ بەزى «غوجام»لارغا تۇغقان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئالايلۇق، خوتۇنتامدىكى بىر قىسىم كىشىلەر لاپچۇقتىكى شۇئەيىپ «غوجام»نى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ ئىزدەپ كەلگەن. ئېنىقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارادۆۋىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ شۇ يەردىكى «غوجام»لارغا تۇغقان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەش بولۇشى مۇمكىن.

قۇمۇلدىكى غوجا جەمەتى دەپ ئاتالغان ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ «غوجام»لار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، بۇ «غوجام»لار كىملەر، نەدىن كەلگەن؟

كۆپىنچە شەيخلەر ئۆزلىرىنىڭ «غوجام»لار، مەسىلەن، ئاخۇنلۇق جەمەتى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۇغلۇق بۇزرۇگاھتا ياتقان كىشىگە ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شەيخلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ نەسلى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن شەيخلەرنىڭ غوجاملار بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. نۇرغۇن «غوجام»لارغا مۇقىم شەيخ تۇرغۇزۇلمىغان. بەزى مازارلارنىڭ ۋەيران بولۇشى سەۋەبلىك شەيخلىك ئۈزۈلگەن. بۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ.

شۇڭا بىز «غوجام»لارنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كەينىدىكى كۆزگە ئەڭ روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان «ئاتا» سۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. يۇقىرىقى 70 كىشىنىڭ ئىچىدە 19 كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاتا» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ قۇمۇل دىيارىدىكى مازارلاردا ياتقان كىشىلەرنىڭ ئىسمىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئاقمۇللا خەلپەتنىڭ ئارىلاشما قولىيازمىسىدىكى تىلەك دۇئاسىدا ئىسلام تارىخىدىكى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قاتارىدا «بابا قورقۇت ۋەلى، قۇرقۇت ئاتا، بەتتال غازى، غوجا

ئەخمەت يەسەۋى، غوجا ئىسھاق» قاتارلىقلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا قومۇلدىكى 22 «غوجام»نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇ 22 «غوجام»نىڭ 14ى «ئاتا»لاردۇر. ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى تۈرك ئەۋلىياسى قۇرقۇت ئاتا نامىنىڭ قومۇلدا تىلغا ئېلىنىشى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر ھەم بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى ئۇزاقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە قەدىمكى ئىران ئەنئەنىلىرىنى يۈرىكىدە ساقلىغان خۇراسان ئىسلامىيەتتىن كېيىن سوپىزمنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىنىڭ بىرىلا ئەمەس بەلكى باشلامچىسى بولۇپ قالغانىدى. سىر ـ ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار ئىسلاملاشقاندىن كېيىن سوپىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى تەبىئىي ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. ھىرات، نىشاپۇر، مەرۋى قاتارلىق جايلار 10 ـ ئەسىردە تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن قانداق تونۇشۇشقا باشلىغان بولسا، 11 ـ ئەسىردە بۇخارا ۋە پەرغانىدىمۇ شەيخلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا پەرغانىدە تۈركلەر ئۆز شەيخلىرىگە «بابا» نامىنى بەرگەنىدى. خۇراسانغا تۈرلۈك يوللار بىلەن بېرىپ كەلگەن تۈركلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇپچىلار يېتىشىشكە باشلىغان. مەشھۇر سوپى ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەيرى بەك چوڭ ھۆرمەت قىلىدىغان مۇھەممەد مەشۇق تۇسى بىلەن ئەمىر ئەلى ئەبۇ خالىسلار تۈركلەردىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ خىل ئېقىم بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق بۈيۈك ئىسلام مەركەزلىرىدىن دىنغا پەرۋانە بىرمۇنچە دەرۋىشلەر ئارقىلىق كۆچمەن تۈركلەر ئارىسىغا تارقىتىلىشقا باشلىدى... ⑥ . ئىلاھىي ھېكمەتلەرنى، شېئىرلارنى ئوقۇغان، تەڭرى رازىلىقى يولىدا خەلققە ياخشىلىق قىلغان، خەلققە جەننەت ۋە بەخت ـ سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن دەرۋىشلەرنى، سوپىلارنى تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى بەخت ـ سائادەت سىمۋولى بولغان ئىلاھلىرىغا ئوخشىتىپ ئۇلارنى «ئاتا» ۋە «بابا» ياكى «باب» دەپ ئاتاشتى. بۇ ھەقتە نەۋايىمۇ ئەخمەت يەسەۋىنىڭ خەلىپىلىرىدىن سەييد ئاتا ھەققىدە توختىلىپ «تۈرك ئۇلۇسىدا ‹ئاتا› دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى ناھايىتى ئۈستۈن» ⑦ دەيدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئارسلان بابا بىلەن بىللە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈركىستاندىن ئەرەب زېمىنىغا بارغان مەشھۇر تۈرك ئەۋلىيالىرى قۇرقۇت ئاتا، چوپان ئاتالار ئەڭ دەسلەپكى ئاتالار ئىدى ⑧ . ئەلىشىر نەۋايى تەرىپىدىن «تۈركىستان مۈلكىنىڭ شەيخۇل ماشايىخى، تۈركىستان ئېلىنىڭ قىبلەئى دۇئاسى» دەپ تەرىپلەنگەن ئەخمەت يەسەۋى پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن شەيخ بابا ئارسلاننى ئۆزىگە مەنىۋى ئۇستاز تۇتقان. كىچىكىدىنلا كارامەت كۆرسىتىشكە باشلىغان ئەخمەت يەسەۋى ئارسلان بابانىڭ تەربىيىسى بىلەن تېخىمۇ شۆھرەت قازىنىپ، نامى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. دادىسى شەيخ ئىبراھىمنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيى ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن... رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن كەلگەن 99 مىڭ مۇرىتى بولغان. يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان تۈرلۈك كارامەتلەرگە ئىگە سوپىسىدىن 21 مىڭى بار بولغان. ئەخمەت يەسەۋىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە تەشۋىق ـ تەرغىباتقا ئەۋەتىلگەن سوپىلار بۇ سانىنىڭ تېشىدا ئىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يەسەۋىيلىك تەرىقىتى پەيدا بولۇپ، تېزلا ئەتراپقا كېڭىيىشكە باشلىدى. ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەشھۇر شاگىرتلىرى ۋە ئىزباسارلىرى سوپى مۇھەممەد دانىشمەن، سۇلايمان ھەكىم ئاتا، بابا ماچىن، ئابدۇلمەلىك ئاتا، مەنسۇر ئاتا، زەڭگى ئاتا قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى سۇلايمان ھەكىم ئاتا ئىدى ⑨ .

«ھەكىم ئاتا كىتابى» ۋە «رىشاھات»، «جەۋاھىرۇل ئەبرار فى ئەمۋاجىل بىھار» قاتارلىق كىتابلاردا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ خەلىپىسى سۇلايمان ھەكىم ئاتا قاراخانىيلار پادىشاھلىرىدىن بۇغراخاننىڭ قىزى ئەنبەر ئانانى نىكاھىغا ئېلىپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتى ئەزالىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇرىت قىلىۋالغان. ھەكىم ئاتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئارسلان بابانىڭ ئوغلى زەڭگى ئاتا ئۇنىڭ سۇلۇكىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ھەكىم ئاتانىڭ ۋەسىيىتى

بويىچە ئەنبەر ئاتانى ئۆز نىكاھىغا ئالغان. زەڭگى ئاتانىڭ ئۈزۈن ھەسەن ئاتا، سەييىد ئاتا، سەدىر ئاتا، بەدىر ئاتا ئىسىملىك تۆت خەلىپىسى بولغان. زەڭگى ئاتانىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ خەلىپىلىرى بولغان سەدىر ئاتا، بەدىر ئاتالار دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى سەدىردىن مۇھەممەد، بەدىردىن مۇھەممەدكە ئۆزگەرگەن ⑩ . بۇلارنىڭ يەسەۋىيلىك تەرىقىتىنى تارقاتقان ئاساسلىق پائالىيەت ئورنى بۇخارا ئىدى. شۇڭا قومۇلدىن تېپىلغان ئاقموللا خەلپەتنىڭ قولىيازمىسىدا قومۇلدىكى «غوجام»لارنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋە پائالىيەت ئورنىنىڭ «سەمەرقەنتتۇر تۇرلۇغۇڭ، جايى مەنزىل بۇخارا» دېيىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك.

يەسەۋىيلىك تەرىقىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى مەنىۋى نەسەبى زەڭگى ئاتانىڭ يۇقىرىقى سەييىد ئاتا ۋە سەدىر ئاتا ئىسىملىك ئىككى خەلىپىسىدىن تارقالغان. سەييىد ئاتانىڭ ئىشلىرىغا ئىسمائىل ئاتا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئوغلى ئىسھاق غوجا ۋارىسلىق قىلغان. بۇ يەردىكى ئىسھاق خوجا مەخدۇمى ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن بولغان غوجا ئىسھاق ۋەلى ئەمەس، بەلكى ئاقموللا خەلپەتنىڭ قولىيازمىسىدا بابا قۇرقۇت، قۇرقۇت ئاتالاردىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان ئىسھاق غوجىدۇر. بۇ يەردە يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ خەلىپىلىرىنى تەپسىلىيرەك تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب، سەييىد ئاتا، بەدىردىن ئاتا، ئىبراھىم ئاتا، ئىسمائىل غوجا قاتارلىق ئىسىملارنىڭ قومۇلدىمۇ ئوخشاش تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت.

دېمەك، 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردە يەسەۋىيلىك تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن نەقشبەندىيە، بەكتاشىيە، ئىقانىيە تەرىقەتلىرى شاخلاپ چىققان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقنىڭ تىكلىنىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن بۇددىزىم مۇھىتىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان توساق ئېلىپ تاشلاندى. بۇ يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ياراتتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان دىنىي نازارەتچىسى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق ئوردىسى جايلاشقان بېشبالىقتا تۇراتتى، مۇڭكە خان دەۋرىدىكى بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق دىنىي نازارەتچى ئەمىر سەيپىدىن ئىدى⑪ . بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىدا يىلتىز تارتىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. نەۋايىنىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت ۋە شەمايىمۇل فۇتۇۋۋەت» ناملىق ئەسىرىدە يەسەۋىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ تۈرك ماشايىخلىرىدىن 20 نەچچە «ئاتا»ۋە «بابا» ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، بۇلاردىن شىنجاڭغا كىرىپ يەسەۋىيلىك تەرىقىتى بىلەن شۇغۇللانغان كىشلىك ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەر ئاتالار ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىشلىك ئاتا سەمەرقەنتنىڭ كىش ئاتلىق يېرىدىن، تۈركىستانغا خوجا ئەھمەد يەسەۋى مازىرىغا بېرىپ جاپا چەككەن ۋە ئىشلىرى ئوڭغا تارتقان. ئاندىن چىن مەملىكىتىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى خەلققە مۇرىت بولۇپ، ئۇ يەردە ئەلگە پېشۋا بولغان، مازىرىمۇ شۇ مەملىكەتتىدۇر. ئۆمەر ئاتا كىشلىك ئاتانىڭ ئىنىسىدۇر، كۆپ جاپالارنى تارتىپ مەرتىۋە ھاسىل قىپتۇ، قەبرىسىمۇ شۇ مەملىكەتتىدۇر». بۇلاردىن باشقا 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگىنىشكە بارغان كىشىلەرمۇ بولغان. مەسىلەن، نەۋايى يەنە يۇقىرىقى مەشھۇر ئەسىرىدە زەھھادخان ئىسىملىك بىر سوپىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ: «خىتاي مۇلكىدىندۇر، ئۇ يەردىن بۇخارا ۋىلايىتىگە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن. ئاندىن خارەزىمگە بېرىپ ھەزرىتى شەيخ نەجمىدىن كۇبرانىڭ خىزمىتىگە چۈشكەن. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار تېگىپ، ھەزرىتى شەيخنىڭ ئىشارىتى بىلەن خۇراسان ۋىلايىتىگە كەپتۇ»⑫ دەيدۇ. نەجمىدىن كۇبرا خارەزىملىك مەشھۇر سوپى بولۇپ، 1219 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىدىقۇت بارچۇق ئارتتېكىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چىڭگىزخانغا بېيئەت قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل قوشۇنى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانغاندا، ئىدىقۇت بارچۇق ئارتتېكىن بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا ياردەم بەرگەن. كېيىن چىڭگىزخان خارەزىم شاھى مۇھەممەدنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانغاندا، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى يەنە بىر قېتىم موڭغۇل قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا

ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. چاغاتاي ۋە ئۆكتاي خانلار ئەخمەت يەسەۋىينىڭ يۇرتى يەسى شەھرىنىڭ بىقىنىدىكى ئوترارنى قورشاۋغا ئالغاندا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يەنە تۆرىبەي، ياساۋۇل، غاداق قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ زەپەر قۇچۇپ قايتقان⑬ .

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئەسكەر ۋە سەركەردىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن يەسەۋىيلىك تەرىقىتىنىڭ ئوچىقى بولغان يەسى شەھرىگە بېرىشى 1220 ـ يىللارنىڭ ئۆزىدىلا باشلانغان. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىدىقۇت خانلىقىدىن بارغان بىر قىسىم كىشىلەر موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شۇ جايلاردا تۇرۇپ قالغان. ئوبۇلغازى باھادۇرخان بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىلى بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ بولاتتى. يېزىقچىلىق، كاتىباتلىق ۋە ئوردا ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھىر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانبەگلەر ۋە پۈتۈكچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. چىن مەملىكىتىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغۇللىرى دىۋانبەگلىرى ۋە پۈتۈكچىلەرنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويغانىدى. ئۆگداي خان خۇراسان، مازاندىران ۋە گىلاننى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەن كىشىگە تاپشۇرغانىدى. ئۇمۇ ھېساب ـ كىتابقا ئۇستا ئىدى. يۇقىرىقى ئۈچ يۇرتنىڭ مىلىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر يىلدا ئۆگداي خانغا ئەۋەتىپ تۇراتتى»⑭ دەپ بايان قىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، قومۇل ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شەرقتىكى مۇھىم بىر ئۆلكىسى ئىدى. ئىدىقۇت خانلىقى ئەسكەرلىرىنىڭ تەركىبىدە قومۇللۇق ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ خىۋە خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشىغا ئۇيغۇر نايمانلىرى زور يار ـ يۆلەكتە بولغانىدى. مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ «شەيبانىنامە» ناملىق ئەسىرىدە شەيبانىخان قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە تۇرپانلىق ئەسكەرلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

شۇڭا «شەجەرەئىي تەراكىمە» ناملىق ئەسەرنىڭ خارەزىم ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىسىدا كۆچۈرۈلگەنلىكىمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى.

مانا مۇشۇ سەۋەبلىك 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ تاكى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنماسلىقى ۋە قايتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەردىن ئىسلام ئېتىقادى ۋە تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنى ئۆزلىرى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى دائىرىسىگە ئېلىپ كېلىشى ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك يەسەۋىيە تەرىقىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغۇچى ئۇيغۇر «ئاتا»لار ۋە «بابا»لار سەمەرقەنت، ھىرات، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل تەرىقەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

دەل مۇشۇ دەۋرگە ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردە تۇرپان، قومۇل تەۋەسىدە پائالىيەت قىلغان ۋە بۇ يەر ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتكەن سەمەرقەنتلىك، ھەراتلىق سودىگەرلەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلارغا ئائىت ئۇچۇرلار كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ⑮ .

1407 ـ يىلى بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق شەمئى جاھان تويبۇقا قاتارلىق ئەلچىلەرنى مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ «سەمەرقەنت ئەسلىدە مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ يۇرتى ئىدى، قوشۇن چىقىرىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن بولسا»⑯ دەپ ئىلتىماس سۇنغان.

نەۋايىدىن سەل ئىلگىرى ھىراتتا ياشىغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئالىم سەئىدىدىن كاشغەرى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىينىڭ ئۇستازى ھەم قېيناتىسى بولۇپلا قالماي، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشىغان نۇرغۇن ئالىم، ئۆلىما، تەسەۋۋۇپچى شائىرلارنىڭ ئۇستازى ھەم پىرى ئىدى. شۇڭا مەۋلانە سەئىدىدىن كاشغەرىنىڭ نامى كېيىنكى مەزگىللەردە شىنجاڭدا تۈزۈلگەن نۇرغۇن تەزكىرىلەردە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئىلاھىي بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالغان.

يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بولغان كىشىلىك ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەر ئاتا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا شىنجاڭغا كىرىپ يەسەۋىيە تەرىقىتىنى تەرغىب قىلىشىدا يۇقىرىقى ئامىللارنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. تۈرك ئالىمى فۇئاد كۆپرۈلۈ ئەخمەت يەسەۋىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى ھازىرقى شىنجاڭدىكى

ئاقسۇغا قاراشلىق سايرام بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق دەلىللەيدۇ: 1. هازىرغىچە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ هاياتى ۋە يەسەۋىلىك تەرىقىتىگە ئائىت ئەڭ مۇهىم ۋە ئىشەنچلىك مەنبە دەپ قارالغان «جەۋاهىرۇل ئەبراز ۋە ئەمۋاجىل بىهار» ناملىق كىتابنىڭ يەسەۋىلىك ئەنئەنىلىرىگە ئەڭ تەقۋادار چوقۇنغۇچى بىر دەرۋىش تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەخمەت يەسەۋى ۋە يەسەۋىلىك تەرىقىتىگە ئائىت باشقا كىتابلارنىڭ هەممىسىدە قول خوجا ئەخمەتنىڭ يەسى شەهرىدە تۇغۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى كىتابتا ئۇنىڭ ئاقسۇ سايرامدا تۇغۇلغانلىقى يېزىلغان؛ 2. فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېينى دەۋردىكى سايرام شەهرىنى ئىسلام مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاهالىسى ئۈچ ئۇرۇقتا بۆلۈنەتتى. بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئۈچىنچىسى هەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىدىن بولغان غوجا ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىمام مۇهەممەد هەنەپىيگە باغلايتتى. «تارىخى ئەمنىيە»نىڭ ئاپتورى موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ نەسەبنى 1538 ـ يىللاردىكى سەمەرقەنت هۆكۈمدارى ئەبەيدۇللاخان غازى تەرىپىدىن بېرىلگەن يارلىققا ئاساسەن كامالىدىن بابا شەيختىن باشلاپ 32 كىشى (باب ياكى بابا) ئارقىلىق ئىمام مۇهەممەد هەنەپىيگە باغلايدۇ. بۇ نەسەبنامە بىلەن ئەخمەت يەسەۋىنىڭ نەسەبى ئارىسىدا هېچقانداق پەرق يوق ⑰ . بىراق، موللا مۇسا سايرامى ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆزىدىن 250 يىل ئىلگىرى تاشكەنت يېنىدىكى سايرامدىن هازىرقى سايرامغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.



يەسەۋىلىك تەرىقىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئائىت يۇقىرىقىدەك ئاز ـ تولا ئۇچۇرلار بولسىمۇ لېكىن قومۇل تەۋەسىگە كىرىش جەريانىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرىنچى قول ماتېرىياللار يوق. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا «ئاتا»لار بەك گەۋدىلىك هادىسە بولمىسىمۇ لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا قىسمەن ئەسىرنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، سۇلتان قىرمىش ئاتانىڭ ئاقسۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، مەهمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ يېنىدا هەزرىتى غوجا ئاتام، هەزرىتى ئالمانلىق ئاتام ⑱ قاتارلىق مازار ئاتىلىرىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت.

خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، قومۇلدا موڭغۇل هۆكۈمدارى ئۇناشىرى ئالائىددىن ئىسىملىك بىر مۇسۇلماننى ملك سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن⑲ . 1390 ـ يىللارغا كەلگەندە قومۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيىتى جانلىنىشقا باشلىغان. چۈنكى، بۇ دەۋردىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە قومۇلدىن ئىچكىرىگە بارغان مۇسۇلمانچە ئىسمى بار قومۇللۇقلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ هەتتا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقىلى» دېگەندەك ئاتالغۇلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1400 ـ يىللارغا كەلگەندە قومۇلنىڭ ئاهالىسى رەسمىي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، بۇددىست ئۇيغۇرلار ۋە قاراخۇي (ياۋا مۇسۇلمانلار ياكى موڭغۇللار)لاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گۇرۇهقا بۆلۈنىدۇ.

دېمەك، قومۇلغا ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق غوجىلار كېلىشتىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلا يەسەۋىلىك تەرىقىتىنى ئاساس قىلغان دىنىي ئەقىدىلەر يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى»دە ياركەنت، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلار مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ بىرقانچە ئوغلى ۋە مۇرىتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قومۇل هېچكىمنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن. شۇڭا بىز 14 ـ ئەسىردىكى قومۇلنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتمىگەن بولسىمۇ لېكىن يەسەۋىلىك تەرىقىتىدىكى «ئاتا»لارنىڭ ئەڭ شەرقتىكى تەسىر دائىرىلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېيتىشقا مەجبۇرمىز.

2006.5

بۇنداق دېيىشىمىزدە مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەب بار:

1. قومۇلدىكى 40 نەچچە غوجامنىڭ ئاز كەم يېرىمىنى «ئاتا»لار تەشكىل قىلىدۇ. راھەتباغ يېزا چوڭگۇمباتتىكى تۈزلۈۋېتىلگەن مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى شۇ مەھەللىدىكى خەلق ئاغزىدا تا ھازىرغىچە «ۋەلى شەيخ بابا (بوۋا)»دەپ يادلىنىدۇ.

2. ئاتالارنىڭ قومۇلغا كەلگەن دەۋرى بەك بالدۇر بولغاچقا كىشىلەر بۇ تارىخنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاقمولللا خەلپەتنىڭ قولىيازمىسىدا پەقەتلا «ئاتا»لارنىڭ تىلغا ئېلىنىپ باشقا مازارلارنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

3. ئاپاق غوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ غوجا ۋە ئۇنىڭ قېيناتىسى سەيىد جېلىل قەشقەرىيلەر قومۇلدا بىر مەزگىل دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىپ «مەسنەۋى شېرىپ»نى ئوقۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قومۇلدا ئۆي ـ ئۆيلەردە ئەتۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان دىنىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ، بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ھېكمەتلىرى ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ زىكرى ـ سۆھبەتلىرىدە ھازىرغا قەدەر ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپلەپ ئوقۇلىدۇ.

شۇڭا قومۇل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىداش بولمىسىمۇ ھەمدە ئارىلىقتا نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئۇزاق مۇساپە بولسىمۇ، بۇ رايوندا سەمەرقەنت ۋە ئەنجانغا مۇناسىۋەتلىك خەلق قوشاقلىرى كەڭ تارقالغان. بۇمۇ سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەنجان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قومۇلدا قالدۇرغان تارىخىي يالدامىسىدۇر. بۇ ھەقتىكى قوشاقلارنىڭ بىر نەچچىسى مۇنداق:

سەمەرقەنتنىڭ باغىدا
ئالما پىشىپتۇ.
ساپىقىدىن ئايرىلىپ،
يەرگە چۈشۈپتۇ.
سەمەرقەنت سەھراسىدا
تال ـ تال قومۇش بار،
ئۆزى ئاندا تۇرۇپ،
مۇندا نېمىش بار.
سەمەرقەنت ساينىڭ بېشى،
ساينىڭ بولاقى.
ئەجەبمۇ دۇشقار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى ⑳ .

«ئەندىجان» نامى تىلغا ئېلىنغان تۆۋەندىكى قوشاق قومۇل مۇقاملىرىدىن «دۇر» مۇقامىدا ھەر دائىم ئېيتىلىپ تۇرىدۇ.

يارەنلەر يار ئۆلتۈردى،
كۆردۈڭلەرمۇ.
ئەندىجان سەھراسىدا
سورىدىڭلارمۇ.
ئەندىجان سەھراسىدا
نەلەر بار ئىكەن.
خان غوجام دەستارىدا
گۈللەر بار ئىكەن ㉑ .

### 3. مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن رىۋايەتلەر ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات

ئەمدى، قومۇلدىكى ئاتالاردىن باشقا مازارلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدە توپلىغان يازما ئۇچۇرلىرىمىزنى رىۋايەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك:

ئەزىزىم ئاغچام دەپ ئاتالغان مازاردا ياتقانلار رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئىككى ئايال كىشى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى بۈۋى ئەدەۋىييە، يەنە بىرىنىڭ ئېتى بۈۋى رابىيە. 2004 ـ يىلى مۇشۇ مازار ئەتراپىدىكى كىشىلەر ساقلاپ كەلگەن، ئەزىزىم ئاغچامنىڭ تەزكىرىسى دەپ قارالغان تەزكىرىدە ھەققەتەن يۇقىرىقى ئىككى ئايال كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىمۇ، لېكىن ۋەقەلىك قومۇل بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز. ئەزىزىم ئاغچام ھەققىدىكى رىۋايەت قاراخانىيلارنىڭ خوتەنگە غازات ئۇرۇشى قىلغان چاغدىكى بىبى مەريەمنىڭ رىۋايىتىگە ئوخشايدۇ. يەنى قاراخانىيلار پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا بۇددىستلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئاخىرىدا بۇغراخاننىڭ قىزى بىبى مەريەم خېنىم 25 قىزنى باشلاپ جەڭگە كىرىپ غەلىبە قىلىپ تۇرغاندا دۈشمەنلەر تۇيۇقسىز ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ، بىبى مەريەم يەرگە

شۇنداق قارىشى بىلەن يەر يېرىلىپ يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىدۇ، قالغان قىزلارنى دۈشمەنلەر شېھىت قىلىدۇ. ئەزىزىم ئاغچام ھەققىدىكى رىۋايەتتە بولسا مازاردا ياتقان ئاغىچاملار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قېچىپ دەل مۇشۇ مازارلىقنىڭ ئورنىغا كەلگەندە يەر يېرىلىپ ئۇلارنى يەر ئۈز قوينىغا ئالىدۇ. بىراق قىزلارنىڭ چېچى يەرنىڭ ئۈستىدە قىسىلىپ قالىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ چاچلارغا قاراپ ئۇلارغا بۇ مازارنى قاتۇرىدۇ㉒ . بىراق، ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر سوپى ـ ئىشانلارنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئـايـاللاردىن چىققان بىرمۇنچە مەشھۇر ۋەلىلەرگە ئورۇن ئاجرىـتـىـپ ئۇنىڭ بىرىنچىسىگە «رابىيەئى ئەدەۋىييە»نى تىزىدۇ ۋە ئۇنىڭ 7 ـ ئەسىردە ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىدە ئۆتكەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى يازىدۇ㉓ . مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ يېنىدا بۇۋى رابىيە مازىرى ناملىق يەنە بىر مازار بار.

قارا دۆۋە ئۇلۇغىول مازىرىدا ياتقان كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى موللا ئابدۇللا ئىبلى خوجا بولۇپ يەنە بىر ئىسمى خوجا ئىسمايىل. بىراق بۇ مازار يۇقىرىقى ئىسىم بىلەن ئاتالماي مازار جايلاشقان ئورۇن نامى بىلەن ئۇلۇغىول غوجام ۋە بەزىدە غوجا بىغەم غوجام دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئاتىلىپ قېلىشىدا مۇنداق رىۋايەت بار. بـۇ كـىـشى ئەسلىدە قومۇلغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشى بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ناماز ئۈستىدە ئىننا ئەتەينا دېگەن قىسقا ئايەتنى ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئىننا پەتـەھـنـا دېگەن ئۇزۇن ئايەتنى ئوقۇپ قالىدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كېلىپ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىدۇ. غوجىمۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ كىشى غوجا بىغەم دەپ ئاتالغانىكەن. بىراق، بۇ رىۋايەت موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرىدە قاراخانىيلار پادىشاھى ئەلى ئارسلانخانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت بولۇپ چىقىدۇ، يۇقىرىقى شەخسنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ. غوجا بىغەمنىڭ نامى مۇشۇ ئەسەرنىڭ ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشـغـا مۇناسىۋەتلىك ئورۇندا ئاددىيلا تىلغا ئېلىنىدۇ. «ھەسەن بۇغراخان... كەڭ كۆلەملىك قوشۇن ھازىرلاپ قەشقەرنى باشقۇرۇشنى ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجىغا، غوجا بىغەم غوجىغا، ئوبۇلقاسىم قەشقىرىگە تاپشۇرۇپ تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى㉔. غوجا بىغەم نامىنىڭ يازما خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنىشى قاراخانىيلار دەۋرىگە، يەنى 11 ـ ئەسىرگە ئائىت. لېكىن، قومۇلدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش. ئۇلۇغىول مەسچىتىنىڭ ئىچىدىكى تۈۋرۈككە يېزىلغان مەسچىتنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئائىت خاتىرىدە «تارىخقا 1221 ـ يىلى ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ ئۇلۇغ بېشارەتلىرى بىلەن بۇ ئالىي گۈمبەزنى يېڭىلاپ بۇ چوڭ مەسچىتنى بىنا قىلغان» دېيىلگىنىگە قارىغاندا مەسچىتنىڭ كەينىدىكى غوجا بىغەم مازىرىنىڭ 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئاستانىدىكى مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇلئەلىم تۈركىستانى بولۇپ، بۇ كىشى قومۇلغا ئەڭ بۇرۇن كېلىپ دىن تارقاتقان كىشى ئىكەن. بۇ كىشى ئەل ئارىسىدا يەنە سۇلتان سوپى دانىشمەن دەپمۇ سۈپەتلىنىدۇ. بىراق، «داستانى مەلىكە سوردى» ناملىق تۈركچە قولىيازمـىـدا ئابدۇلئەلىم تۈركىستانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن شام مەلىكىسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن شامغا بارغانلىقى ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقى يېزىلغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىز باسارلىرى ئارىسىدا مۇھەممەد سوپى دانىشمەن ئاتلىق بـىـر مەشھۇر سوپى بار.

مەرھۇم تارىخچى، خەتتات، تېۋىپ ھاپىز نىيـازنىـڭ دىنىي زات شېرىپ ھاجى ئۈچۈن كۆچۈرۈپ بەرگەن دىۋاندا «سۇلتان سوپى دانىشمەن» ناملىق ... مىسرالىق غەزەل بار. بۇ غەزەللەرنىڭ نەدە، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى تېخى نامەلۇم.

يەنە شۇ ئاستانە يېزا سۇمقاغا كەنتىدىكى بىر مازاردا ياتقان شەخسنىڭ نامى ئۇۋەيس ئەزنىيا ئىبراھىم ئەدھەم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى يەنە يۇقىرىقى ئەسىرىدە ئىبـراھـىم ئەدھەم ھەققىدە توختىلىپ ئۇنىڭ بەلختە تـۇغـۇلـۇپ 844 ـ يىلى شامغا بېرىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقىنى يازىدۇ.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ بوۋىسى سەيىد جېلىل قەشقەرىگە مۇناسىۋەتلىك مازار بىرقانچە يەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقىي مەنىسىدىكى مازارلىق ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلغان جايلىرىنىڭ خاتىرىسىگە

ئاتاپ ئۇلۇغلانغان جايلاردۇر. مەسىلەن، سارايى بۇززۇك-ۋار، جاي غوجام ... قاتارلىق. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، ئاپاق غوجىنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى سەيىيد جېلىل قەشقەرىيلەرنىڭ قەشقەردىكى مەزھەپپازلىق كو-رەشلىرىدىن قېچىپ قومۇلدا بىر مەزگىل پاناھلانغانلىقى پاكىت بولسىمۇ، لېكىن ئاپاق غوجا ئېنىق يازما مەلۇمات-لارغا قارىغاندا توققۇز يېشىدا قومۇلدىن ئايرىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ قومۇللۇقلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىشى ۋە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىزاھلار:

① ھاپىز نىياز «قومۇل گۈلىستانلىقى» چاغاتايچە قوليازما، 91 ـ ، 92 ـ بەتلەر.

② كاتانوف «volkskundeliche texte aus ost-…» كارل ھېنرىخ مېنگىس گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ شەرھلىگەن نۇسخا، 1946 ـ يىلى بېرلىن گېرمانچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 56 ـ بەت.

③ موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» 1988 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 294 ـ بەت.

④ مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 ـ توم، 568 ـ بەت.

⑤ ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت ۋە شەمايىمۇل فۇ-تۇۋۋەت» 1996 ـ يىلى ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 386 ـ بەت.

⑥ فۇئاد كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» 1966 ـ يىلى ئەنقەرە 2 ـ نەشرى، تۈركچە، 13 ـ بەت.

⑦ ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت ۋە شەمايىمۇل فۇ-تۇۋۋەت» 1996 ـ يىلى ئەنقەرە تۈركچە نەشرى 389 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 14 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب 27 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب 80 ـ بەت.

⑪ جۇۋەينى (ئىران) «تارىخ جاسانكۇشاي» 1980 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 56 ـ بەت.

⑫ ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت ۋە شەمايىمۇل فۇ-تۇۋۋەت» 1996 ـ يىلى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 387 ـ بەت.

⑬ جۇۋەينى «تارىخىي جاھانكۇشاي» 1983 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ بەت.

⑭ ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئىي تۈرك» 1992 ـ يىلى تاشكەنت چولپان نەشرىياتى، ئۆزبېكچە نەشرى، 33 ـ بەت.

⑮ بۇ ھەقتە چېنگاۋخۇانىڭ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قو-مۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

⑯ چېنگاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قومۇل تۇرپانغا ئا-ئىت ماتېرىياللار توپلىمى» 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 40 ـ بەت.

⑰ قاراڭ فۇئاد كۆپرۈلۈ (تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپ-لار» 1966 ـ يىلى ئىستانبۇل تۈركچە 2 ـ نەشرى، 49 ـ بەت؛ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» 1988 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى 2 ـ بېسىلىشى، 594 ـ بەت.

⑱ ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 7853 ـ نومۇرلۇق ھۆج-جەت («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 5 ـ سانى).

⑲ چېن گاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قومۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

㉑ ئېلى ئىسمائىل «قومۇل نەزمىلىرى» 1991 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 402 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ بەتلەر.

㉒ ئەزىزىم ئاغىچامنىڭ ھازىرقى شەيخى بارات شاھ شەيخنىڭ ئاغزاكى رىۋايىتى.

㉓ ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت ۋە شەمايىمۇل فۇ-تۇۋۋەت» 441 ـ بەت.

㉔ موللا ھاجى «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» («شىنجاڭ ئىسلام دىنىي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ توپلام، 26 ـ بەت، 1988 يىلى نەشرى).

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدا

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئە-سىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر

ئابدۇشۇكۇر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ

ئىلى يەنىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئىج-
تىھاتلىق تارىخچى، ئۇيغۇر خەلق فولكلور مىراسلىرىنى
توپلىغۇچى، خەلقپەرۋەر زىيالىي، مەرھۇم دادام ئىمىنجان
باھاۋۇدۇن ئوغلى تىلغا ئېلىنسا، ئىلىدىكى ھەر مىللەت
خەلقى چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمىدۇ. قايسىبىر
ئۇلۇغ زات: «كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىش-
كەنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا نېمىلەرنى بې-
رەلىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن ئىكەن. دادام
گەرچە بۇ دۇنيادا 51 يىل ياشىغان بولسىمۇ، چەكلىك
ئۆمرىنى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى، مەدەنىي مائارىپىغا
بېغىشلاپ، ئىلى تۇپرىقىدا نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ
ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى مەشئەل، ئەقىل ـ ئىدراكىنى چىراغ
قىلىپ، قاراڭغۇ دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا
ئەسىر قالاقلىقى، مۇتەئەسسىپ ئىدىيە، خۇراپاتلىق، ئەك-
سىيەتچىل خاھىشلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان زۇل-
مەتلىك يىللاردا ئادالەت، ھەققانىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئاسارەتلەر ئۈستىدىن
باتۇرانە كۈرەش قىلىپ مەرىپەت سۈيەر ئىلى خەلقى
قەلبىدە يىقىلماس ئابىدە تىكلىدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1897 ـ يىلى غۇلجا شە-
ھىرىنىڭ سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، ئوقۇش يې-
شىغا يەتكەندە يەنى 1903 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە
غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تائالىيە مەكتىپتە ئۆز زامانىسىنىڭ
ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئابدۇمۇتائالى خەلپەم (خەلپەم
ھەزرەت) دېگەن كىشىنىڭ قولىدا، ئاندىن «خانىقا مەك-
تەپ»تە ئوقۇغان. 1912 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى
«ناغرىچى مەكتەپ»تە ئوقۇغان.

شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن
يەنى 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى چوڭ دۇدۇ
مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا ئىلى ئۇيغۇرلىرى «چوڭ ئىلمەلەر
ئاشقۇچى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاپتورى مەۋلانە يۈسۈپ
سەككاكىنىڭ 1881 ـ يىلدىكى «كۆچ ـ كۆچ»تە تاشلىنىپ
قالغان چاپچال خۇنخايدىكى مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش، شەيخ تۇرغۇزۇپ قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ
تىركىشىشلەر نەتىجىسىدە خەلقنىڭ تەلىپى ئىلى دۇدۇ
مەھكىمىسى تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلۈپ، سەككىز ئۆيلۈك
كىشى بىلەن بوۋام باھاۋۇدۇن 1912 ـ يىلى 6 ـ ئايدا با-
للىرىنى ئېلىپ خۇنخاي مازارغا كۆچۈپ چىقىدۇ. خۇنخاي
مازار شۇ مەزگىلدە جۇڭگو ـ روسىيە سودا ئېغىزى بو-
لۇپ، ئىلىدىن يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ئىلىغا ئۆتۈپ سودا

قىلىدىغان، كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان جاي ئىكەن.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خۇنخايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، رۇستىن ئايال ئالغان جۇ جاڭگۇيدە (روسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆتكەن شەرقىي شىماللىق كىشى) دېگەن باي خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە تۆت يىل ئىشلەيدۇ، ئۇ بۇ جەرياندا تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش ئىستىكىنىڭ كۈچىدە بۇ ئائىلىنىڭ ئات باقارلىقىنى قىلىش، دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇش، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىق شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، بىر تەرەپتىن تۈرلۈك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇ جاڭگۇيدىدىن خەنزۇچە، ئايالى ناتاشادىن رۇسچە ئۆگىنىدۇ.

دادام ياش چېغىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ.

1916 ـ يىلى ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئۆز خىراجىتى بىلەن خۇنخاي مازارىغا تۇنجى «ئاقارتىش مەكتىپى»نى ئېچىپ، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

1918 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە روسىيە بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىشقا يۈزلىنىدۇ. بازار كاساتلىشىپ خەلقنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىدۇ. 1920 ـ يىلىغا كەلگەندە ياڭ زېڭشىنىڭ ئىلى دوتيىگە خەت يېزىپ: سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا چېگرا سودىسىنى جانلاندۇرۇش ۋاقىتلىق توختامى تۈزۈش، توختام بويىچە سودىنى ئاۋۋال ئىلى رايونىدىن باشلاش ھەققىدە يوليورۇق چۈشۈرىدۇ. ئىلگىرى چېگرا سودىسىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى پائالىيەتچان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىك سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ مال ئەكىلىپ سېتىشىنى كۈتىدىغان پاسسىپ ئەھۋال ساقلىنىۋاتاتتى. يوليورۇق چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاپچال، توققۇزتارا، تېكەس بايلىرى: «بىز قاچانغىچە چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن مال ئالىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز مېلىمىزنى رۇس يېرىدىكى «قارا ـ قارا»بازىرىغا ئاپىرىپ، تاۋارغا ئالماشتۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ؟»دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ئارقىدىن 12 مىڭ تۇياق قوي يىغىپ ئابۇزەر خەلپەمنىڭ قېيناتىسى ئابدۇرېھىم ھاجىمنى كارۋان بېشى قىلىپ، قوي چىقارغان 32 نەپەر باي سودىگەرگە ۋاكالىتەن «قارا ـ قارا» بازىرىغا يولغا سالىدۇ. ئۇلار مالنى نېسىگە بېرىۋېتىپ «ئاق قەغەز» ئېلىپ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت چوڭلىرى چاپچال ناھىيىسىنىڭ يېزىسى قاينۇققا يىغىلىپ: «بۇ پۇلنى كىم نەقلەشتۈرۈپ كېلىدۇ؟» دېگەندە، خۇنخاي مازارلىق كاتتىلار: «چەتكە چىقىدىغان ئادەم چوقۇم چەتنىڭ تىلىنى بىلمىسە بولمايدۇ، خۇنخاي مازاردىكى باھاۋۇدۇن شەيخنىڭ ئوغلى ئىمىنجان چەت تىلىنى ياخشى بىلىدۇ، شۇنى ئەۋەتسەك قانداق؟» دېيىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك دادامنىڭ بېرىشىغا قوشۇلىدۇ. بۇ دەل دادامنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان ياش سوۋېت ئېلىنى ئايلىنىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزىدە كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا يېنىۋاتقان چاغلىرى ۋە خۇنخاي مازىرىغا مەكتەپ ئېچىشقا كېرەكلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىش ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكتىن دادام بۇ مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپوبلىكىسىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئاۋۋال نېسىي قالغان ماللىرىنىڭ دېردىكىنى ئالىدۇ. ئاندىن تۈركمەنىستانغا بېرىپ، مالنى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تاۋارلىرىغا ئالماشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ سوۋېت ئېلىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ تاڭ قالىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ياشلاردىكى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىك ئىنتىلىشلەر ۋە ئۇلار بىلەن چاپچال، خۇنخاي ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ شۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە كىتاب ئېلىپ قايتىشى بىلەنلا نەتىجىلىنىشىنى تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ھېسابلاپ، تاۋار ۋە سېتىۋالغان كىتابلىرىنى سەپەرداشلىرىدىن يۇرتقا يوللىۋېتىپ، ئۆزى تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىگە يول ئالىدۇ ۋە بۇ يەرگە كېلىپ، تاتار خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تونۇلغان مەرىپەتچىسى ئىدرىس ئاپانايۇپ (سابىق چارروسىيە ئوفىتسېرى)نى ئۇستاز تۇتۇپ، يېڭىچە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا بىر تەرەپتىن سوۋېت ئېلىنىڭ سوتسىيالىستىك

MIRAS





مائارىپى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى بىلەن
پىششىق تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ تىل ئۆگىنىدۇ. تۈرك، پارس، رۇس تىللىرىنى
پۇختا ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى پەۋقۇلئاددە
تالانتى ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايۇپنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىتابخۇمارلىقى ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بول-
غان ھېرىسمەنلىكى ئۇستازىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. دا-
دام ئىدرىس ئاپانايۇپنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىن رۇس تا-
رىخچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر كىتابلىرىنى
ئوقۇپ چىقىدۇ. چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان يىللار
(1871 ـ 1881 ـ يىللار)دا رۇس گېنېرال گوبىناتورىنىڭ
غۇلجا ئىشلىرى باشلىقى بولغان شەرقشۇناس ن. ن. پاد-
تاسوپنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يىغقان ماتېرىيال-
لىرىغا ئاساسلىنىپ يازغان كىتابلىرىنى، موللا بىلالنىڭ
«غازات دەر مۇلكى چىن»ئەسىرىنى ۋە ئۇيغۇر ئوغلى
ئابدۇسەمەتوفنىڭ «تارانچى تارىخى»قاتارلىق ئەسەرلە-
رىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا خۇنخاي مازىرىدا چوقۇم مۇنتىزىم
پەننىي مەكتەپ ئېچىش، ئىلى تارىخىغا ئائىت بىر ئەسەر
يېزىش ئىشتىياقى كۈچىيىدۇ.

سەپەر جەريانىدا ئۇ يەنە يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر
يېزىلىرىنى ئارىلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى
توپلايدۇ. ئىلى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك خاتە-
رىلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدە
يېڭىچە مۇستەھكەم دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇپ، خۇنخايدا
پەننىي مەكتەپ مائارىپىنى يىلتىز تارتقۇزۇش، كېڭەيتىش
ئۇلۇغۋار ئارزۇسىدا ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايۇپنى ئېلىپ،
1923 ـ يىلى خۇنخايغا قايتىدۇ.

ئۇ خۇنخايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1924 ـ يىلى
تۇنجى قېتىم پەننىي مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭ پەننىي مەكتەپ
ئېچىشى ئاسانغا توختىمىدى. بىرىنچىدىن، شۇ چاغدىكى
ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئاز سانلىق مىللەت
ياشلىرىنىڭ پەننىي بىلىم ئىگىلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۇ-
چۇن يوشۇرۇن تەھدىت ھېسابلاپ، بۇ ئىشقا مۇتلەق قە-
زىقمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ
كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ئېغىر ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى
ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچ-
راپلا قالماي يەنە كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ «جەدىت»
دەپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار: «پەننىي مەكتەپ
دىنىنى يوقىتىدۇ، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سىرتقا چىقىپ
ئوقۇپ كېلىپ، باللىرىمىزنى دەھرى قىلىدىغان بول-
دى»دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت
ئورگانلىرى بىلەن خۇپىيانە ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ھەر
خىل تۆھمەت ئويدۇرۇپ، ئىدرىس ئاپانايۇپنى كەلگەن
يېرىگە قوغلىۋەتتى. لېكىن دادام تەشەببۇسىدا چىڭ تۇر-
دى. دەسلەپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىككى ئېغىز سىنىپ
سېلىپ، پەننىي دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى. يەنە بىر
تەرەپتىن خەلق ئىچىدە زېرىكمەي تەشۋىق ئېلىپ باردى،
سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەنلىرىنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن پەننىي مەكتەپنى قوللىغۇچىلار، باللىرىنى پەننىي
مەكتەپكە ئەكىلىپ بەرگۈچىلەر كۆپەيدى. 1925 ـ يىلدىن
باشلاپ خۇنخايدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسى
مۇستەھكەملەندى. 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە دادام ئىمىنجان
باھاۋۇدۇن توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان خوجىنىڭ ما-
قۇللۇقىنى ئېلىپ، چاپچال (شۇ چاغدا توققۇزتارا ناھىيە-
سىگە قارايتتى) ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ
باشلىقى ئەمەتخاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنە
سەككىز ئېغىزلىق سىنىپ، 500 كىشىلىك كۇلۇب سېلىپ

خۇنخايدا تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچتى ۋە ئۇنىڭغا «مەدەنىيەت ئاقارتىش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپى»دەپ نام بەردى. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئۇچسۇمۇللۇق شۇۋە سودىگەر چۈلەن دېگەن باينىڭ چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۈنسىز كىنو ئاپپاراتىنى ئارىيەت ئېلىپ، مۇراسىم ئەھلىگە ئۈنسىز كىنو قويۇپ بەردى. بۇ بىر قېتىملىق ئىلىم- پەن تەشۋىقاتى بولۇپ قالدى. خەلقنىڭ پەننىي مائارىپ قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خۇنخاي خەلقى «يۇرتىمىزغا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كۇلۇب قۇرۇلىدىغان بولدى»دەپ خۇشال بولۇشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «يۇرتىمىزغا ھۆكۈمەتتىن ناھايىتى كۆپ باج- سېلىق چۈشۈپتۇ، ئەگەر ۋاقتىدا تاپشۇرمىسا، شۇ كىشىنى يامۇلغا تاشلىغۇدەك...»دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ، خەلق ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ.

ئەسلى 1928- يىلى جىن شۇرېن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خەلقنىڭ بېشىدىكى ئالۋاڭ- ياساق، باج- سېلىقلار ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ قان- تەر بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلارنى تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن شۇلىۋېلىپ ئۆز چۆنتەكىنى توشقۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ، باج- سېلىقنى تولۇق يىغىۋېلىش ئۈچۈن باج يىغىش ھوقۇقىنى ئاز ساندىكى مەرتىۋە ئىگىلىرىگە، بايلارغا ۋاكالىتەن يىغىپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ بېرىۋېتىدۇ. بۇ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بىر قىسىم بايلار باج- سېلىقنى يەنىمۇ ئۇستىلەپ يىغىدۇ، نەتىجىدە ئىلگىرىكى ئۈچ قوي ياكى ئىككى ياش كالا تاپشۇرۇش بېجى بىراقلا ئون قوي ياكى يارامىلىق بىر ئات تاپشۇرۇشقا ئۆسىدۇ. خەلق «چارۋا مال ساناقچىلىرى كەپتۇ»دېسە، جانىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

غۇلجا شەھرىدە 40 يىلدىن ئارتۇق باج خادىمى بولۇپ ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان 96 ياشلىق يولداشباي ئاكا (ماھنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكىنىڭ قېيىناتىسى)ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1930- يىلى چاپچالنىڭ جانلىق مال بېجىنى غۇلجا شەھەرلىك باجخانىنىڭ باشلىقى سېتىپ ئالغانلىقتىن مەن خۇنخاي مازارىنىڭ جانلىق مېلىنىڭ چۆپ ئۈچى بېجىنى يىغىشقا ئەۋەتىلدىم. بۇ يەرگە بۆلۈنگەن ئات، كالا، قويىنىڭ باج سانى كىشىنى چۆچۈتەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن خۇنخاي مازارغا چىقىپ خوجايىن شاڭيۇ، ھۆسەيىن شاڭيۇ، كەنت باشلىقى ئەنسەردىن بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئون نەچچە كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق باجنى ئاۋۋال ئاۋامدىن، ئاندىن بايلاردىن ئالىدىغان بولدۇق. ئاتلىق بەش چاپارمەننى يېزا- قىشلاقلارغا چاپتۇرۇپ 600دىن ئوشۇق كىشىنى يىغدۇق، ئۇلارغا غۇلجا باجخانىسىنىڭ شۇ يىللىق چۆپ ئۈچى بېجى ئېلىش بۇيرۇقىنى ئۇقتۇردۇق. بىز «بۇ يىل چۆپ بېجى ئۈچۈن بىر ئاتقا بىر فۇت بۇغداي، بىر كالىغا يېرىم فۇت بۇغداي ئېلىنىدۇ، بىر ئېشەككە بىر شىڭ بۇغداي، ئۆچكە بىلەن قويغا ئوخشاشلا يېرىم شىڭدىن بۇغداي ياكى پۇل ئېلىنىدۇ. كىم بۇ سېلىققا قارشىلىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى دوتەي يامۇلىدا كۆرىدۇ» دېگەنلەرنى ئۇقتۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز مەكتەپ تەرەپتىن بىر كىشى كېلىپ، بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، خوجايىن شاڭيۇغا: «خوجايىنكا، بۇ نېمە ئىش؟»دېدى. مەن ئالدىراپ: «يۇقىرىدىن باج- سېلىق چۈشكەن ئىكەن، شۇنى ئۇقتۇرۇۋاتىمىز» دېدىم. ئۇ: «ئۆزۈڭنى دوتەي يامۇلىدا كۆرىسەن دەپمۇ ئۇقتۇرامسىلەر، بۇ ئاۋامغا تەھدىت سالغانلىق ئەمەسمۇ، خەلق نامرات تۇرسا نېمىسىنى تۆلەيدۇ؟»دېدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ: «سىلەر قايتىپ خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، سىلەرگە باج كەلمەيدۇ، ئەگەر باج كەلسە مەن تۆلەيمەن»دەپ كەلگەنلەرنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ يەنە زەردە بىلەن: «خوجايىنكا، سىلەر ئاۋامنىڭ ئەھۋالىغا قارىماي كىم گەپ قىلسا شۇنى راست دەپ، كىم داپ چالسا شۇنى ساز دەپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدىغان بولدۇڭلار، قالغان گەپنى ئاخشاملىققا يۇرت چوڭلىرى يىغىلغان سورۇندا دېيىشەرمىز، ئۇلارغا جاۋابنى ئۆزۈم بېرىمەن، سىلەر يېزىغا قاراشلىق قىشلاقلاردىكى بايلارنى يىغىڭلار»دەپلا كېتىپ قالدى. مەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن بۇزغان ئادەمگە ھەيران قېلىپ، يېنىمدىكىلەردىن: «بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟»دەپ سورىدىم. ئۇلار: «ئىمىنجان باھاۋۇدۇن دېگەن خەلپەم مۇشۇ كىشى»دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يۇرت بايلىرى جەم بولغاندا ئىمىنجان باھاۋۇدۇن مېنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

—خوش، كۆپچىلىك، يۇرتىمىزغا باج يىغىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىدىن يولداشباي چىقىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىشنى قانداق پۈتكۈزۈپ يولغا سالىمىز،ــــ دېدى. كۆپچىلىك بۇ ئىشنى خېلى ئۇزاق غۇلغۇلا قىلىشتى. لېكىن ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئاردىدا ئىمىنجان باھاۋۇدۇننى سۆككەنلەرمۇ، ئۆكتە قوپقانلارمۇ بولدى، ئاخىرىدا ھەممەيلەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

ــــ خۇلاسە كالام،ــــ دېدى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن كەسكىن قىلىپ،ــــ مەنچە جانلىق مالنىڭ چۆپ ئۇچى بېجىنى چارۋىچىلار تۆلەيدۇ، چۈنكى ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ ئالدىمىزنىڭ نەچچە مىڭلاپ ئارقىمىزنىڭ نەچچە يۈزلەپ تۆگە، ئات، قويلىرىمىز بار، باجنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا بىز تۆلەشكە ھەقلىق، شۇنداق تۇرۇقلۇق نەدىمۇ ئىككى تۆت تال چولاق مېلى بار ئاۋامغا باج تۆلەتكۈزگەن ئىش بولسۇن، ئاۋام باج تۆلىمىگەندەك قىلغىنى بىلەن مەكتەپ ۋە كۇلۇب قۇرۇلۇشىغا ئاز كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. بىز پۇل چىقارغان بىلەن قول سېلىپ ئىشلىگىنىمىز يوق، ئىشنىڭ ئېغىرىنى يەنىلا شۇلار قىلىدۇ، ئەمەسمۇ؟ــــ دېدى. شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق باج يىغىۋېلىش باش قېتىنچىلىقى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. ئەگەر مەن ئۆزۈم يالغۇز قاتراپ يۈرۈپ باج پۇلى يىغىدىغان بولسام، باج يىغىش ئىشى بىر نەچچە يىلغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى، مەن ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەل ئىچىدە يۈزۈمنى يورۇق، يولۇمنى راۋان قىلغانلىقىغا تا ھازىرغىچە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي كەلدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئارىسىدا ئابرۇيى ئۈستۈن، توغرا كېسەر ئادەم ئىدى.

1931 ـ يىلى خۇنخاي مازار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن مەكتەپ مۇدىرى دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئائىلىتەن ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت يېرى دولاتادىن ئەزىم سۇچەكۇفنى، ئاقسۇدىن خۇسۇر شېرىپنى، غالجاتتىن قەمىردىن بىلەن ئوبۇل پازىلنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوشۇنىنى تولۇقلىغان ئىكەن. بۇ ھەقتە پېشقەدەم مائارىپچى ئەزىم سۇچەكۇف بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ ماڭا: «1930 ـ يىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بىزنى سوۋېت ئېلىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا ئالدۇرۇپ كەلگەندە مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرغانىدىم. ئۇ كىشى ھەمىشە تالڭ ئاتقۇچە ھەر مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ خاتىرە قالدۇراتتى، مەن ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدىنىش روھىدىن ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ خۇنخاي مازاردەك خىلۋەت تاغلىق يېزىدا ياشاۋېتىپمۇ بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى بىلىشى مەن ئۈچۈن سىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى، مەن ئاخىر بۇنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ:

ــــ موللا ئاكا (بىز ئادەتتە ئۇنى شۇنداق ئاتايتتۇق)، سىز بۇ بىلىملەرنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ــــ دەپ سورىدىم. ئۇ كىتابلىرى ئارىسىدىن بېغىررەڭ تاشلىق بىر كىتابنى چىقىرىپ:

ــــ مەن بىلىمنى دەل مۇشۇنداق كىتابلاردىن ئۆگەندىم، بۇ كىتاب كۆپ تىللىق لۇغەت، ئەگەر سىز تىل ئۆگەنمەي دېسىڭىز، مانا مۇشۇ كىتابنى ئۇستاز تۇتۇڭ،ــــ دېگەنىدى.

دادام يەنە تارىخ تەتقىقاتىغا پايدىسى بار دەپ قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ، مەخسۇس بىر يىل موڭغۇل تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەنىكەن.

دادامنىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈردى، خەلق ئىچىدە، ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئالدىدا يىراقنى كۆرەرلىكنى، ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. 1934 ـ يىلى توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان خوجا ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. 1936 ـ يىلى چاپچال ئۆز ئالدىغا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا دادام چاپچال ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، دىنىي نازارىتىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە چاپچال ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ مەيلى قايسى دەۋردە، قانداق خىزمەت ئىشلىسۇن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مۇقەددەس ۋەزىپە بىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

1911 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭنى ياڭ زېڭشىن ئۇزاققىچە ئۆز ئالدىغا ئايرىۋېلىپ، 1928 ـ يىلغىچە 17 يىل ھۆكۈم سۈردى، ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن 17 يىل ئىچىدە ئىلىم خەتەرلىك دەپ مىللەتلەرگە ئىلىم ھەققىدە ئېتىبار بەرمىدى.

1928 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە جىن شۇرېن ھۆكۈم سۈردى، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، شىنجاڭدا دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. قۇرۇلتايدا يەرلىك مىللەتلەر ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق

قىلىشقا باشلىغاندا ئۆزىنى «ماركسىزمچى، سوتسىيالىزم تەرەپدارى» دەپ جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زىيالىيلىرىنى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىپ خىزمەت قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە دوبەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلغار شوئار ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

سەككىز ماددىلىق خىتابنامە، توققۇز ۋەزىپە، ئۈچ چوڭ ۋەزىپە، ئالتە بۈيۈك سىياسەت، بولۇپمۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەت شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەم ئىجتىمائىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. 1930 ـ يىلى توققۇزتارا غۇلجا ناھىيىسىدىن بولۇپ، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ۋە غۇلجا، چاپچاللارنىڭ قىسمەن رايونلىرى توققۇزتاراغا تەۋە بولغانىدى. توققۇزتارانىڭ تۇنجى شەڭگىنى دىڭ فېيۋۇ ئىدى. 1931 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن ماجۇڭيىڭ بىلەن ئىلىدىن جياڭ پېيۈۋن ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىككىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىگە دىڭ فېيۋۇمۇ ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى مەغلۇپ بولۇپ، جياڭ پېيۈۋن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تار يېزىسىدا ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقتىن ئۇنىڭ تۇپلىغان نەچچە ئونمىڭ ئەسكىرى ئىگىسىز قېلىپ، «كۆچىڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ئاچ قالغانلىقىنى بانا قىلىپ ئىلى خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ۋەيرانچىلىققا سېلىۋاتقاندا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ياماتۇغا قاراشلىق چىغلىق مازار دېگەن كەنتىدىكى نەزەرخان غوجام باشچىلىقىدا نۇرغۇنلىغان يەرلىكلەردىن كۈچ توپلاپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى قوغداپ، پۇقرالىرىنى بۇ بالادىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالغانلىقتىن شىڭ دۇبەن نەزەرخان غوجامنى ئالتۇن مېدالىيون بىلەن مۇكاپاتلاپ، 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا توققۇزتاراغا شەڭگەن قىلىپ چىقارغانىدى. دادام نەزەرخان غوجامغا كاتىپ بولۇپ بارغاندا توققۇزتارادا زەي ئاپىتى ئېغىرلىشىپ، خەلققە ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان بالايىئاپەت كېلىپ تۇراتتى، ھەتتا ناھىيە مەركىزى ھازىرقى ئورنىدىن ئىلاجسىز تاشتۆپىگە يۆتكەلگەنىدى، مەكتەپلەرمۇ زەي ئاپىتىدە ۋەيران بولغانىدى.

دادام كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زەي ئاپىتىنى يوقىتىش توغرىسىدا ھاكىمغا كەڭ تۈردە زەيكەش قېزىش، كونا بازار (دۆڭ مەھەللە بىلەن ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسى)نىڭ غەربىدىن ۋە ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن شىمالغا قارىتىپ زەيكەش قېزىپ، سۇنى ئىلى دەرياسىغا ئېقىتىش، مويۇنگۆزەر تاش داۋان ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ چېپىش، ناھىيە مەركىزىنى ھازىرقى ئورنىغا، كونا بازار خەلقىنى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭگە كۆچۈرۈپ، «دۆڭمەھەللە» نامىدىكى مەھەللىنى بەرپا قىلىپ، خەلقنى زەي ئاپىتىدىن ئازاد قىلىش، ئاندىن بۇ ئورۇنلارغا مەكتەپ سېلىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. ھاكىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى ـ ئەللىك بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشىلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ ۋە يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ، تەكلىپ ئاخىرى قوبۇل كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىز ئىدى. شۇ قەدەر زور قۇرۇلۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلانماي بولمايتتى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى «ئاۋامنىڭ كۈچى چەكسىز، ھاشار قىلىش يولى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك» دېگەندە، دادام خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاكىمغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بېرىدۇ:

1. ھۆكۈمەتتە يىغىلىپ قالغان بايتۇل مالنى (موڭغۇللارنىڭ بايلىرى ئۆلگەندە بارلىق مالنىڭ ئۈچتىن بىر



قىسمىنى دىنىي نازارەتكە بېرەتتى) ئىشلىتىش؛ 2. ئۆشرە ـ زاكاتنى ئىشلىتىش، ھاكىم بىلەن ئابدۇمىجىت داموللا (شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك دىنىي نازارەتنىڭ باشلىقى ئىدى) يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان زاكات پۇلىنى كېمەيتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ ۋىلايەتلىك دىنىي نازارەتكە بىرلىكتە خەت يېزىش؛ 3. زەي ئاپتىنىڭ تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقتا بولغان زىيىنىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، چاپچال چېگرىسىدىن توققۇزتارا موخورغىچە بولغان 36 شاڭيولۇق يەردىكى بايلاردىن تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقنىڭ خوجايىنى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدا قۇرۇلۇش خىراجىتى يىغىش. نەزەرخان غوجا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ئەمەلدارى ئىدى. نەتىجىدە دادامنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ بايلاردىنمۇ قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن چارۋا مال، ئاشلىق، نەق پۇل يىغىدۇ. 1936 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئومۇمىي قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ناھىيە ئىچىگە «چولپان» مەكتەپ 800 كىشىلىك كۇلۇب، خەلق ئىستىراھەت باغچىسى، ئۇنىڭ يېنىغا كىتابخانا ۋە 28 ئورۇنغا مەكتەپ سېلىپ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغانىدى. كۇلۇب، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىغا زامانىۋى بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى ئەكىلىپ سالدۇرغان بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى «ئۇقاقى» كۇلۇبتىن چوڭ ھەم كۆركەم بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۆلكە دەرىجىلىك كۇلۇبلار قاتارىدا باھالىنىپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇننى ئالغان بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈنلا 5000 ئۆكۈزنىڭ پۇلى كەتكەنىدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ توققۇزتارا خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن يەنە بىر ئىشى، ناھىيە يامۇلىنىڭ شۇ چاغدىكى دورغىسى توختى چولاق ئۆكتەملىك، ئىپلاسلىقتا چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ھە دېسىلا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، گۇناھسىز كىشىلەرنى قاماققا ئالاتتى، قىز ـ چوكانلارغا پوخۇرلۇق قىلاتتى. خەلق ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھۆكۈمەتكە تالاي قېتىم ئەرز سۇنغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەرزىنى سورايدىغان ئادەم چىقمىغاچقا توختى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادام ئۇنىڭ قىلمىشىنى نەزەرخان غوجامغا مەلۇم قىلىپ توختى چولاقنى يامۇلدا ياتقۇزغان ۋە ئۇ ناھەق قولغا ئالغان 20 نەپەر «گۇناھكار»نى قاماقتىن بوشاتقۇزغانىكەن.

1936 ـ يىلى چاپچال ناھىيىسى توققۇزتارادىن بۆلۈنگەندە ھۆكۈمەت تەرەپ نەزەرخان غوجىنى غۇلجا شەھىرىگە دوتەي قىلىپ يۆتكەيدۇ، نەزەرخان غوجا دادامنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، دادام «مەن مائارىپ كەسپىنى سۆيىمەن، ئەڭ ياخشىسى يۇرتۇمنىڭ مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، چاپچالغا قايتقاندىن كېيىن، چاپچال ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دىنىي نازارەتنىڭ مەسئۇلى، قوشۇمچە ناھىيىنىڭ يول ـ كۆۋرۈك، سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ باشچىلىق قىلىدۇ.

ئۇ قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا سەككىز پەننىي مەكتەپ سالدۇرىدۇ. بۇ مەكتەپلەر: 1. جىرەن بۇلاق دېگەن يەرگە بىر قازاق مەكتەپ (ئورنى ھازىرقى 67 ـ پولك تەۋەسىدە)، ئوقۇتقۇچىسى ئەۋەلقان (قازاق)؛ 2. شاقىرما دېگەن يەرگە بىر موڭغۇل مەكتەپ (ئورنى خۇنخاي مازارنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىدا) ئوتقۇچىسى يات كوچۇك (موڭغۇل)؛ 3. كىچىكبۇغراغا ئۇيغۇر مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى ئاسىم مەسۇم؛ 4. قۇجۇرتايغا قازاق مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى ئىمام مۇقاممەت (قازاق)؛ 5. سوپۇم بۇلاققا ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى ئەختەمباي (قازاق)، ئەۋەلباي (ئۇيغۇر)؛ 6. ئۆكۈرچىگە موڭغۇل مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى پورۋە (موڭغۇل)؛ 7. ئالمالىغا قازاق مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى سۇلتانبەك (قازاق)؛ 8. چاپچال مازارغا ئۇيغۇرمەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى ھېسامىدۇن ئەپەندى دېگەن كىشىلەر ئىدى.

1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، 2 ـ قېتىملىق ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقاردى ۋە كوممۇنىستلارنى، ئىلغار زىيالىيلارنى، ياپونغا قارشى دېموكراتىك زاتلارنى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇندا داداممۇ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپ سۇمۇل (چاپچال) ساقچىخانىسىنىڭ تۈرمىسىگە قامالدى، ئاندىن غۇلجا شەھەر باش تۈرمىسىگە

قامالدى. 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا توغرا كۆۋرۈكتىكى دايول تۈرمىسىگە (هازىرقى ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) يۆتكەلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى دايول تۈرمىسىگە هۇجۇم قىلغاندا ئۇلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىلدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتىدىن: «ئەمنجان باهاۋۇدۇن سىز چاپچال ساقچى ئىدارىسىگە نەچەلىك (ساقچى ئىدارىسى باشلىقى)بولۇپ تەيىنلەندىڭىز، ئۇقتۇرۇش قولىڭىزغا تەگكەن هامان ۋاقىتلىق هۆكۈمەت قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ تېزىمغا ئالدۇرۇپ خىزمەتنى تاپشۇرۇپ ئالغايسىز»دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئىنتايىن خەزەپلەندى، چۈنكى، ئۇ 1940 ـ يىلىدىكى چوڭ تۇتقۇندا تۈرمىگە تاشلانغان، شۇ چاغدا چاپچالنىڭ 400 تۈتۈنلۈك خۇنخاي مەھەللىسىدىن 251 كىشى قولغا ئېلىنغانىدى، ئىلى ۋىلايىتى بويىچە قولغا ئېلىنغان ئادەم 60 مىڭغا يېتەتتى. بۇلارنىڭ قانچىلىكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى نامەلۇم. تارىخنىڭ قىسمەتلىرى نەقەدەر ئاجايىپ ـ هە! ئۇ ئەمدى ئۆزىنى قامىغان ساقچىخانىغا باشلىق بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە ئۇ باشلىق بولۇپلا ئىشنى گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاشتىن باشلىدى، ئېغىر جىنايىتى بار ئىشپىيونلارنى ساقچىغا يىغدى، خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئادىل بىر تەرەپ قىلدى.

1945 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا چاپچال ناهىيىسىدىكى خۇنخاي، بوغرىلاردىكى سەككىز يۇرتنىڭ خەلقى «هۆرىيەت ئېچىلدى، تارىختىن بۇيان هەل بولماي كېلىۋاتقان يەر بىلەن سۇيىمىزنى هەل قىلىپ بەرسۇن، بولمىسا ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز»دەپ ئەرز يېزىپ، ناهىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ غەۋغا كۆتۈرگەن. بۇ چاغدا دادام ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، دېھقانلارنى تارقاپ كېتىشكە كۆندۈرگەنىدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن:

ئېلىمىز تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1864 ـ ، 1867 ـ يىللىرى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭلىرىدا خۇنخاي، دولاتو، سېتىۋالدى، غاپپار، سالدات، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا مەھەللىسىدىكى دېھقانلار شىۋەلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «ئاققوزا»مىراب رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، كۈرە، بايانداي سېپىللىرىدا قامىلىپ قالغان مانجۇ چېرىكلىرى ئۈچۈن موڭغۇلكۈرەدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلاپ قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدا زور رول ئوينىغانىدى.

1868 ـ يىلى مىللىي ماجىرالار تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندا مانجۇ چېرىكلىرى ئۈچۈن ئاققوزا مىراب باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى ئىنتايىن ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىپ ئۆچ ئالغانىدى، ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىقى سەككىز يۇرتنىڭ خەلقى باشپاناھ ئىزدەپ، خۇنخاي غولىنىڭ جەنۇبىدىكى دىلمۇك تېغىنى بويلاپ قېچىپ، يەتتىسۇدىكى چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ، دولايتو، بايان قازاق، ئۈچ ئون، سەككىز ئون خۇنخاي دېگەن يېزىلارنى قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقان، چۈنكى، چارروسىيە 1864 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنى زورلۇق بىلەن ئىمزالىتىۋالغان «روسىيە ـ جۇڭگونىڭ غەربىي ـ شىمالىي چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش خاتىرىسى»ئارقىلىق جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەر روسىيىگە قارام بولۇپ قالغانىدى.

سەككىز يۇرت خەلقى كۆچۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپادا قۇرغان ئۆي ـ ماكانلىرى، ئۆستەڭلەر، تېرىلغۇ يەرلىرى تاشلىنىپ قالغان.

مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەرلەرنىڭ تېرىقسىز قېلىشى بىلەن بۇرۇندىن ئېلىنىۋاتقان ئالۋاڭ ـ ياساقتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدۇ ـ دە، ئالۋاڭ ـ ياساققا كاپالەتلىك قېلىشى ئۈچۈن بۇ يەرلەرنى سەككىز سۇمۇلدىكى شىۋەلەرنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. كېيىنچە رۇس يېرىدە ئېيىقنى ئاغام، توڭگۇزنى تاغام دېمىسە ياشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خەلق قايتىپ كەلگەن. يەرلىك تارانچىلار ئانا يۇرتلىرىغا ماكانلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ يەر تېرىش، سۇدىن پايدىلىنىش هوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پومېچىكلارغا ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدى.

1945 ـ يىلى دادام ئەمنجان باهاۋۇدۇن سەككىز يۇرت خەلقىنىڭ ئەرزىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتىگە كېچىكتۈرمەي يوللىدى. ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەرزگە سېلىپ بەرگەن «شىۋە خەلقىنىڭ

مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ» دېگەن تەستىقى بويىچە شىۋە خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۆتىۋەرلىرىدىن چولەن، گاۋال، ساۋال، ئەرشەن، شوشەن، جاڭ باقشى (جاڭ جىڭشەن) قاتارلىق 20دەك كىشىنى ئۈچسۇمۇلغا يىغىپ (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەينى چاغدا ئۈچسۇمۇلدا ئىدى)، سەككىز يۇرت خەلقىنىڭ 1868 ـ يىلىدىكى قاچ ـ قاچتىن كېيىن يەر، سۇ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ شىۋە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ تارىخىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەستىقلىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە: «سىزلەر بىلەن بىز يېڭى تونۇشقان كىشىلەر ئەمەسمىز، تارىختىن بېرى چاپچالنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، نېنىنى تەڭ يەپ كېلىۋاتىمىز، بۈگۈن مەن سۇمۇل ساقچىخانىغا باشلىق، ئابۇزەر خەلپەم بولسا ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى لايىق تاپتۇق» دەيدۇ، شىۋە خەلقىنىڭ ۋەكىلى رۇن چۈن: «موللا ئاكا، بۇ كىچىك ئىش ئىكەنغۇ، مەن چوڭ ئىشمىكىن دەپتىمەن، تارىختا ئۇيغۇرلار سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يەرلەر تېرىقسىز قېلىپ، دەن (ئاشلىق بېجى) تۆلەنمىگەچكە مەنچىڭ بىزنىڭ ۋاقىتلىق تېرىپ دەن تۆلىشىمىزنى بەلگىلىگەنلىكى ئېنىق ئىشقۇ، بۇنى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك» دېگەن. باشقا مۆتىۋەرلىرىمۇ بىردەك ھەل قىلىشقا قوشۇلۇپ، كىچىك بۇغرا، غاپپار دۆڭ مەھەللىسىگە 19 كىشىلىك يەر، چوڭ بۇغرا قاتارلىق يېڭى يۇرتلارغا مەكتەپلەرنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئۇ مەكتەپلەردىن دولايتۇ، مازار مەكتەپلىرى 67 ـ تۇەن 5 ـ لىيەندىكى ئۆز ۋاقتىدا قۇرۇلغان جېرەن بۇلاق مەكتىپىگە مەركەزلىشىپ، تولۇق ئوتتۇرا، ئۇيغۇر، قازاق مەكتىپى بولۇپ تەرەققىي تاپماقتا، كىچىك بۇغرا مەكتىپى ئۇيغۇر، قازاق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ كەلمەكتە. تىۋىلغا مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ھازىر چوڭ بۇغرا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۆز ھاياتىدا خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئىلى مائارىپىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى تارىخ تەتقىقاتى ئىشلىرىغىمۇ بېغىشلاپ، يۇرتىمىز تارىخى ۋە باشقا



تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە تىنىماي ئىزدەندى. ئىلى يېزىلىرىدىن، يەتتىسۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى كېزىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ چىققان ۋە ساقلىغانىدى. ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە «ئىلى تارىخى»، «موختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ «ئىلى تارىخى»نى يېزىپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارمان قىلغانىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇ ئارمىنىغا يەتكۈزمىدى، ئۇ 1948 ـ يىلى 2 ـ مارتتا 51 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى.

دادام ۋاپاتى ئالدىدا «ئىلى تارىخى»نى ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنغا بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئاكام «ئىلى تارىخى»نى ئەخمەتجان قاسىمىغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىم جانابلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بۇ ئىلتىماسنى يېزىشىمدىكى مەقسەت، بۇ ئەسەر ـ «ئىلى تارىخى» ئاتىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى 28 ـ يانۋاردا يېزىلىپ پۈتكەنىدى، ئاتام ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماڭا كۆچۈرۈپ، رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇرغانىدى، مەن

كۆچۈرۈش هازىرلىقىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئاتام كۆز يۇمدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا «مەن بۇ تارىخنى يېزىشنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم، بۇ كىتابنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلماقچى ئىدىم، ئۇ كىشى سەرپ قىلغان 22 يىللىق ئۆمرىمنى زايە قىلماس دەپ ئىشىنەتتىم، ئەلۋەتتە. بىراق، مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەمدى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن تەقدىم قىلارسەن»دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. هازىمىز، قازىمىز بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ 1949 ـ يىلى 1 ـ يانۋارغا ئۇلگۈرتتۇم، مۇشۇ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابنى ۋەسىيەت بويىچە سىز رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، جانابلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئاتام مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قوبۇل قىلىشلىرىنى هۆرمەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئېھتىرام ئىلە ۋەسىيەت بويىچە تەقدىم قىلغۇچى:

ئابدۇرېشىت ئىمىن تارىخ

1949 ـ يىلى 1 ـ يانۋار» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرى مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

«خۇنخاي مازارلىق مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ۋاپاتى ئالدىدا ئۆزى يازغان «ئىلى تارىخى»دېگەن توپلىمىنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا سۇنۇپ بېرىشنى ئوغلى ئابدۇرېشىتقا ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. مەخسۇس مۇخبىرىمىزنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئابدۇرېشىت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇ تارىخىي توپلامنى بۇ يىل يانۋاردا قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىگە سۇندى. قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى سۇنۇلغان بۇ تارىخىي توپلامنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ، مەرھۇمنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. بۇ تارىخىي توپلامدا «ئىلى چاغاتاي دەۋرى»، «ئىلى جۇڭغار جانلىقى دەۋرى»، «ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرى»، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلۈشى» ۋە «ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى» قاتارلىقلار هەققىدە كەڭ مەلۇماتلار بار ئىكەن.

(«ئالغا گېزىتى» 1949 ـ يىلى خەۋەر بۆلۈم، 17 ـ يانۋار سانى)

مەرھۇم ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ خاتىرىسىدە: «ئىلى تارىخى»ئاقئا كۆچۈرۈلۈپ، نەشرگە تەييارلانغاندا ئۈچ ۋىلايەت گېزىتخانىسىدىكى تەھرىرلەردىن ئەلقەم ئەختەم، هاشىر ۋاهىت، مۇھەممەت زەيدى قاتارلىقلار كۆرۈپ چىققانلىقى، ئەسەرگە بەرگەن باھاسىدا «بۇ كىتاب ئىلى تارىخى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تولۇق يېزىلغان ئەسەر بوپتۇ، كىتابنى نەشر قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، بىر ئاز ۋاقىت كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىتابتا هېكىمبەگ ۋە باشقا فېئوداللار سۆكۈلگەنلىكتىن هاكىمىيەت بېشىدىكى ئۇلارغا جەمەتداش كىشىلەرگە ياقماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا ۋاقىت، شارائىت يار بەرگەندە باسايلى»دەپ يازغانلىقى مەلۇم.

دادامنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ قولىيازمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەھرۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن تارىخ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپ ھەم تەرجىمانى سۈپىتىدە بېيجىڭگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا قىلدى. ئاكامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دادامنىڭ قولىيازمىلىرى ئىنىم ئەنۋەرگە قالغانىكەن. كېيىنچە سۇرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قولىيازمىلارنى 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چاپچال ناھىيە ئىتتىپاق گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى تىلەۋباينىڭ ئىنىم ئەنۋەرگە: «ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ تارىخ مەزمۇنىدىكى ئالتە پارچە قولىيازما ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، چاپچال ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەۋەتىپ بەردىم. هۆججەت يازغۇچى: تىلەۋباي»دەپ هۆججەت يېزىپ، ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق. بىز بۇ مىراسلارنى كۆپ ئىزدىگەن بولساقمۇ سىياسىي كېڭەش ئارخىپخانىسىدىن ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

دادامنىڭ خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرىگە كەلسەك بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1949 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا زۇنۇن قادىرى، نۇر مەھەممەت بوساقوفلارنىڭ توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن بىرگە بېسىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 12 ـ ، 11 ـ ، 10 ـ سانلىرى ۋە 1958 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سانلىرىدا دادام توپلىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ 313 پارچىسى روياپقا چىققانىدى. مەزكۇر ژۇرنالغا كىرىش سۆزى ئورنىدا: «مەرھۇم

MIRAS

ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى 1920 ـ يىللىرىدىن 1926 ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر بىر يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى خەلق ئاغزىدىن بىرمۇبىر ئاڭلاپ توپلىغانىدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە چوڭقۇر مەزمۇن بېغىشلايدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى سۆيەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىغان ۋە ساقلاپ كەلگەنىدى.

ئىمىنجان ئاكا 3000دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى» دېگەنلەر يېزىلغانىدى.

1948 ـ يىلى دادام يازغان «ئىلى تارىخى»نىڭ بىر نۇسخىسى مەرھۇم تارىخ تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى تېيىپجان ھادىنىڭ قولىدا بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە باردىم ۋە بۇ قوليازمىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نائىل بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشاللاندىم، ئۇ ماڭا بۇ نۇسخىنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئانا نۇسخىدىن تەتقىقاتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەكەلگەنلىكىنى، مېنىمۇ شۇ ئورۇندىن بىر نۇسخا ئەكىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

مەن شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە باردىم، ماھنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكا مېنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇغېنى غوجىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەن شۇ ۋاقىتتىكى خۇشلۇقۇمنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇ كۆپەيتىلگەن نۇسخىنى ئېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ھېمىت رېھىمنىڭ ئۆيىگە بارسام شائىر ئەلقەم ئەختەم بار ئىكەن. ئۇ ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

«بۇ دەل دادىڭىزنىڭ قوليازمىسى ئىكەن، مەن يېقىندا بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەرنى يوقلاپ غۇلجىغا بارغاندىم، ئۇ جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇپ ساناقلىقلا كۈنى قاپتىكەن، ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ھەپتە بىرگە بولدۇم. مەن ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ئەينى يىللاردا ئاكىڭىز ئابدۇرېشىت ئىمىن تارىخ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «ئىلى تارىخى»نىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسىنى كۆردۈم، سۈرۈشتۈرسەم بۇ نۇسخىنى 1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شېرىپ يۇنۇس دېگەن كىشى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىن كۆچۈرگەن ئىكەن. 1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شېرىپ يۇنۇستىن بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەرنىڭمۇ بىر نۇسخا كۆچۈرۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، 1983 ـ يىلى يۇسۇپ نەزەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالدىم. شۇ چاغدا شېرىپ يۇنۇس ‹سىز قايتىپ بېرىپ مەرھۇمنىڭ ئايالى گۈلشۋاندىن كۆچۈرۈپ ئېلىڭ، يېقىندا شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ سوۋېتتىكى سىڭلىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتنىڭ ئىچىگە 1945 ـ يىلى ئاقسۇدىن ل. مۇتەللىپ سىڭلىسىغا ئەۋەتكەن خەت سېلىنغانىكەن، مەن بۇ خەتنى ل. مۇتەللىپكە بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تالاي قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، خەت ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. خەتتە ‹سىڭلىم، سىز بارلىق يازغۇچى بۇرادەرلەرگە سالام ئېيتىڭ، بۇ خېتىم ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مەن سىلەرگە بىر كىشىنى تونۇشتۇراي، ئۇ بولسىمۇ خۇنخاي مازارلىق تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئاكا، ئۇ كىشى بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلىشىپ قالدىم، قايتا كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، يازغۇچى بۇرادەرلەر ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرسۇن»دەپ يېزىپتۇ. ئىمىنجان ئاكىنىڭ تارىخقا مۇكەممەل بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇ تىلغىمۇ باي ئىدى. ئۇ 51 يىللىق ھاياتىدا بىر نەچچە مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ل. مۇتەللىپمۇ ئۇ كىشىنىڭ بىلىمىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈكىنى سەزگەنىدى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ھايات بولغان بولسا يەنە قانداق ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان بولاتتى ـ ھە!» دېدى.

«ئىلى تارىخى»نىڭ مەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىن كۆپەيتىپ ئەكەلگەن قوليازمىسى جەمئىي 92 بەت بولۇپ، كونىچە ئىملادا يېزىلغانىكەن. ئوقۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ھازىرقى ئىملادا كۆچۈرۈپ چىقسام 271 بەت بولدى. ئەسەردە مۇئەللىپ ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخي ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن مول، يېزىلىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، پاكىتلىرى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق بولۇپ، ئىلى تارىخى ئۈستىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ تارىخي ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەسەرنى چوڭ ـ كىچىك 45 ماۋزۇغا بۆلۈپ يازغان.

مەن بۇ قوليازمىنىڭ دادامنىڭ قوليازمىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن قوليازمىنىڭ «سۆز بېشى»نى ئەينەن بەردىم.

# سۆز بېشى

*بىزنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تارىخ تارىخلىرىمىزدىن ئۆز خەلقىمىزنىڭ يۇرتى ئىلىنىڭ تارىخىنى يىغىپ مەيدانغا كەلتۈرگەنلىرى كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن، رۇس «مېتىرشىفلىرى»دىن پانتاسوفنىڭ، موللابىلال يۇسۇپنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» كىتابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئوغلى ئابدۇسەمەتوفنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى» ئەسىرى بېسىلىپ تارقالغان بولسىمۇ ھۆكۈمران مۇستەبىتچىلەرنىڭ سىياسىي نىيىتى بىلەن خەلق ئارىسىغا كۆپلەپ كىرەلمىگەن. ئەلنىڭ تارىخى، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۆتكەن زاماندا قانداق بولغانلىقىدىن ئوچۇق مەلۇمات بېرەلەيدىغان بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتەمسىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە 1923 ـ يىلىدىن باشلاپ 1948 ـ يىلى 28 ـ فېۋرالغىچە «ئىلى تارىخى»نى يىغىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈردۇم. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتى بىلەن ئىستىبداتچى ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ خەلققە كۆرسىتەلمەي كەلگەنىدىم، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن مۇشۇ ئۆمرۈمدە يىغقان تارىخنى قېرىنداشلىرىمنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئوقۇپ چىقىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن.*

*بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك كىتابلاردىن پايدىلاندىم:*

*1. «غازات دەر مۈلكى چىن»؛ 2. ئۇيغۇر ئوغلى ئابدۇسەمەتوفنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى» كىتابىنى؛ 3. رۇس مېتىرشىفلىرىدىن پانتاسوفنىڭ كىتابىنى؛ 4. مانجۇ، شىبە سولانلارنىڭ كېلىشىنى (شىبە تارىخىدىن)؛ 5. 1881 ـ يىلىدىكى تارانچى، تۇڭگان كۆچۈشىنى (بەرىنچى بىلىك يىغىندىسىدىن)؛ 6. مۇساگۇڭنىڭ بېيجىڭگە بېرىشىنى (بىرىنچى بىلىك يىغىندىسىدىن)؛ 7. خەلق كۆچۈپ، ئىلىدا قالغانلارنى (بىرىنچى بىلىك يىغىندىسىدىن)؛ 8. خاگۇڭ قىلغانلىقىنى (بىرىنچى بىلىك يىغىندىسىدىن)ئالدىم.*

*تارىختا يېزىلغانلار توغرىسىدا كەمچىلىكلەر بولسىمۇ، قۇرۇق قاراپ تۇرغاندىن كۆرە كەلگۈسىدىكى تارىخچىلىرىمىزغا خاتىرە بولالايدۇ دېگەن نىيەتتە ئەسەرنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈردۇم...*



مەن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن مەرھۇم شائىرىمىز ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يۇسۇپ نەزەر ئاكىنىڭ ئايالى گۈلشىۋاندەمدىن ئەسەرنىڭ كېيىن تېپىلغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئون كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئارىيەتكە ئېلىپ كۆچۈرۈپ چىقتىم. خاتىرىنىڭ بېشىغا «ئىلى ۋىلايىتى تارىخى»، «1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مۇزېيىدىن كۆچۈرگۈچى شېرىپ يۇنۇس»دەپ، ئاخىرقى بېتىگە «1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە كۆچۈرگۈچى: يۇسۇپ نەزەر»دەپ يېزىلغانىكەن. مەن بۇنى دادامنىڭ قولىيازمىسىدىن قىسقارتىپ كۆچۈرگەن نۇسخىسى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاكام ئابدۇرېشىت ئەينى چاغدا ئەخمەتجان قاسىمغا تەقدىم قىلغان قولىيازمىسى جەمئىي 45 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان ئىكەن.

مەن 1995 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، يازغۇچى، تەرجىمان ئىسھاق باستىتىن دادامنىڭ «ئىلى تارىخى»ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى دەلىللەنگەن مۇندەرىجىنى كۆرگەنىدىم (بۇ مۇندەرىجە ھېلىھەم ئىسھاق باستىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ). 2000 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر كۈنى مەن ئۈرۈمچىدە شېرىپ خۇشتار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، دادامنىڭ كىتابىنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئۇ ماڭا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئورنىدىكى مۇھەممەتجاننى ئىزدەپ، شۇ ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىدى. مەن مۇھەممەتجاننى تېپىپ ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، ئۇ ماڭا: «بىز 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا غۇلجىدىن بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەكەلگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ تەستىقى سېلىنغان قولىيازمىسى بار ئىكەن. بۇ ئەسەر شۇ پېتى ساقلىنىۋاتىدۇ، رەتلەپ تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن سىزگە كۆرسىتەيلى»دېدى.

مەن 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېلدا يازغۇچى تۇرسۇن ياسىن («سادىر پالۋان»روماننىڭ ئاپتورى) بىلەن سۆھبەتلەشكەنىگە قەدەر دادامنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ پەقەت قولىيازمىسىلا بار دەپ كەلگەنىدىم. تۇرسۇن ياسىن: «مەندە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەخمەتجان قاسىمى تەستىق سالغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مەتبەئەسىدە بېسىلغان ‹ئىلى تارىخى› دېگەن ئەسىرى بار. مەن ئۇنى شەخسىي ئارخىپىمدا ساقلاۋاتىمەن، ماتېرىيال ئارخىپىنى رەتلىگەندە بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىڭ»دېدى.

مەرھۇم دادامنىڭ «ئىلى تارىخى»ئەسىرىنى ئىزدەش جەريانىدىكى ئۇزاق يىللىق تىرىشچانلىقىم بىكارغا كەتمىدى. ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان خالىس نىيەتلىك كىشىلىرىمىز قولىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك يازما ۋە باسما نۇسخىلىرى خۇدا بۇيرۇسا پات يېقىندا كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلغۇسى.




# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئاغزاكى مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەزمۇن جەھەتتە موللاشتى ۋە زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى.

خەلق قوشاقلىرى قەدىمىلىكتە ۋە تارىخىيلىقتا ئىگە بولۇپ ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا تىل جەھەتتە تاكامۇللىشىپ، پىششىقلىنىپ نەپىس بىر ئەدەبىي ژانىرغا ئايلانغان. خەلقنىڭ چىن ھېسسىياتى بىلەن تىلى قوشاقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاچقا، ئۇ بارلىق كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرگە ئايلانغان.

قوشاقلار ھەجىمىنىڭ قىسقا، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ بولۇشى بىلەن شېئىرنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، يارقىن، جانلىق.

سادىرمەنۇ، سادىرمەن،
سادىر بولماي نېمە مەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
ھەممە جايىنى بىلىمەن.

* * *

ئانا دېگەن باغ ئىكەن،
ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
بۇ دۇنيادا خار ئىكەن.

بۇ قوشاقلاردا پىكىر ناھايىتى ئوچۇق ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشى ئۇنى ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدىغانلىقىدا. ئۇنى ئۇزگەرتمەي ھەر خىل ئاھاڭلار بىلەن ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدۇ، مەسىلەن:

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەلەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلەرىڭنى كۆيدۈرسەم.

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئايىنى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

دېگەنگە ئوخشاش خەلق قوشاقلىرى ئۇزاق زاماندىن بۇيان ناخشا قىلىنىپ ئېيتىلىپ كەلدى.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆزگىچىلىكلەر بولىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئاساسەن توي ـ تۆكۈن، چاقچاق، ھازا، نەزىر ـ چىراغ، ئەمگەك، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا ناخشا قىلىپمۇ ۋە ياكى بەلگىلىك رىتىم ئاھاڭى بىلەنمۇ ئوقۇلۇپ كەلدى.

3. قوشاقلارنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە قارايدىغان بولساق قوشاق تىلىنىڭ مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى، جەڭگىۋار روھى پسىخىكىسىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ئاتنى مىندىم ئىگەرسىز،
تاغقا چىقتىم يۈگەنسىز.
يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۈزى قارا ئىمانسىز.

بېغىڭدىكى ئېتىزنىڭ،
چۆرىسىدە بىدە بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
ساڭا كۆيگەن زىدە بار.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى قوشاقلاردا روشەن سىنىپىي خاھىش ئەكس ئېتىدۇ:

ئەي كاج پەلەك، كاج پەلەك نېمە دېسەم،
بولۇركىن سېنى؟
زۇلۇم كۆلپەت ئارقاندا،
چىرمادىڭ مېنى.

4. قوشاقلاردا مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن كىشىلىك ھايات ۋە كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن.

شاپتۇل شېخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل تۇۋىدە كىم بار.
ئېغىزىڭىزدا دېگەن بىلەن،
كۆڭلىڭىزدە كىم بار.

يالغۇز جىگدە ئۇستىگە،
سېغىزخان قونۇپ سايرىدى.
گالڭ غوجام كايىپ قېلىپ،
پېقىرنى نومغا پالىدى.

5. قوشاقلاردىكى ئوبرازلار سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوبرازلىق يارىتىلغان.

يالغۇزۇم يالغۇز ياغاچنىڭ،
ياندا تۇرارمۇ سىز؟
شۇ تىكەننىڭ دەردىنى
بىر گۈل ئۈچۈن تارتۇرمىسىز.

قىزىل گۈلۈم يۈزۈڭنى،
پۇرىسام مەن.
قونۇپ بۇلبۇل سۇپەتلىك،
سايرىسام مەن.

بۇ يەردىكى «گۈل» يوشۇرۇن ئوخشىتىشتۇر.

6. قوشاقلار قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە

بولۇپ، قوشاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر كۇپلېتى تۆت مىسرا، يەتتە بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان. بەزى قوشاقلار 1 ـ، 3 ـ مىسراسى سەككىز بوغۇمدىن، 2 ـ، 4 ـ مىسراسى بەش بوغۇمدىن تۈزۈلگەن.

مەسلەن: كېچەش بىلەن ئىچمەيتىمەن،
كۆچلۈك ھاراقنى.
كۆڭلۈك بىلەن چۈشمەن دەپ،
يېدىم تاياقنى.

لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى مول مەزمۇنغا، تۈزۈلۈشكە ئىگە بىر ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىگە قارىساق يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرىنىڭ ئاساسەن بىر كۇپلېتى ئالتە مىسرا، 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرى بولسا، بىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئالتە مىسرالىق قوشاقلارنىڭ 2 ـ، 4 ـ، 6 ـ مىسراسى قاپىيىداش 1 ـ، 3 ـ، 5 ـ مىسرالىرى ئەركىن ھالەتتە كەلگەن.

م: بو قويلار ياتىۋالدى،
جاھانلار پاتقاق ئۈچۈن.
خۇدايىم بەرگەن ئىكەن،
بۇ بايلار پىخسىق ئۈچۈن.
مەنمۇ ساڭا ساتىلغان،
تۇرمۇشۇم قاتتىق ئۈچۈن.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقاسى توڭلاپ.
يۈرەكىمگە ئوت كەتتى،
يارىم كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ.
كىشىگە گەپ قىلمادىم،
يارغا ۋەدەمنى ساقلاپ.

ئومۇمەن خەلق قوشاقلىرى قاپىيە جەھەتتە توق قاپىيىدە كېلىپ شېئىرنىڭ تېخىمۇ جانلىق، كۆركەم بولۇشىغا تۈس بەرگەن، خەلق قوشاقلىرى يەنە مول تەسەۋۋۇر، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ خەلقنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ شېئىردا تولۇق ئىپادە قىلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا قوشاقلارنى ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ يۈتكۈل ھېسسىياتى قوشاق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۇ ئىپادىلەۋاتقان مۇھىت ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

7. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغانلىقىدا. يەنى قوشاقلاردا مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، قوشاقنىڭ قاراتمىلىقى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن.

ئوت كۆيەدۇر ئىچىمدە،
دەردىنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

قوشاقلار خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئىكەن، ئۇ چىنلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ قايسىبىر تۇرىگە نەزەر سالايلى، ئۇنىڭدىن مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرى تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنى ئوبرازلىق، يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن خەلق ئىچىگە تارىلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىدۇ ھەم خەلقنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە بېھشباغ يېزا بېھشباغ كەنت باشلانغۇچ مەكتەپتە


**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2005 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئەسقەر مەخسۇت

خۇرسەنئاي مەتىمىن

تېلېفون: 8914609، 4554017 (0991)

# نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ هاياتى



نۇرمۇھەممەت زامان

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت يۇكسەك ئىستىبداتقا ئىگە ئالىم، تالانتلىق شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

نەزەر غوجىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا ياشىغان. نەزەر غوجىنىڭ دادىسى ئابدۇسەمەت 1864 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1871 ـ ، 1881 ـ يىللىرى چاررۇسىيە قوشۇنى ئىلى ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلىنى بېسىۋالدى ھەم چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيىسى، ھەم يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ ھالسىزلانغان ئىلى دەريا ساھىلىدىكى ئۇيغۇرلار يەتتىسۇ تەۋەسىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەنە شۇ كۆچمەنلەر ئىچىدە ئابدۇسەمەت ئائىلىسىمۇ بار ئىدى.

نەزەرغوجا 1887 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستانغا قاراشلىق غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئائىلىسى نەزەرغوجىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن. ئابدۇسەمەت ئۇنى موللىلارغا بېرىپ ئوقۇتقان، تارىخىي ۋەقەلەر، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار قىلغان. ئەسلىي يۇرتىنىڭ ئىلى دەريا بويىدا ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئوغلىنىڭ قەلبىدە ئانا يۇرتىغا كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. شۇڭا، نەزەرغوجا بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى قوشاقلارنى يادلىۋالغانىدى. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ تىرىشىپ رۇس تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇ ئالمۇئاتادىكى زاۋۇت مەكتىپىدە بىر يىلغا يېقىن ئوقۇغاندىن كېيىن، بىلىم تەشنالىقىنى تېخىمۇ قاندۇرۇش ئۈچۈن تاتارىستاندىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان. كېيىنرەك مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن رادىلوف، مالوفتەك ئالىملار بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئىگىلىگەن. يالقۇنلۇق ئىنقىلابچى ئابدۇللا روزىباقىيوۋ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئورناتقان. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىگەن، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى يەتتىسۇ رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي پائالىيەتلەردە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان. ئۇ لېنىن يولىنىڭ تەرغىباتچىسى بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ① : «نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان پېشقەدەم ئەدىب، دېموكرات، شورالار ھۆكۈمىتىگە دوست، ئۇنىڭ يولىغا كىرگەنلەرنىڭ بىرىنچىسىدۇر» دېگەن.

نەزەرغوجا 1923 ـ يىلى كېيىنكى بىر مەزگىللىك ھاياتىنى غالجات يېزىسىدىكى كولخوزچىلار ئىچىدە ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن. غالجاتلىق ئاسىم قاسىموۋ مۇنداق يازغان: «1923 ـ ،1930 ـ يىللاردا غالجاتتىكى سودا كوپىراتىپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈشكە بىۋاستە غەمخورلۇق قىلغان ھەم دېھقانلارغا ئۆلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىغا كەتمەن ئېلىپ، غالجات غولىدىكى سۇيى ئوڭاي چىقىدىغان جايلاردىن ئەمەس، بەلكى ئەڭ قىيىن ئېدىر ـ قاپتاللارنى ئايلاندۇرۇپ ئۆستەڭ تارتىپ، مۇشەققەتلىك ئىشقا باش بولغان. ھازىرقى بۇ ئۆستەڭنى ‹نەزەرغوجا ئۆستەڭى› دەپ ئاتىشىدۇ».

1928 ـ يىلى ستالىن «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى تازىلاش» دەيدىغان سولچىل سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، زور تۈركۈمدىكى تاتار زىيالىيلار ۋە كوممۇنىستلارنى تۇتقۇن قىلغان، باستۇرغان. بىر قىسىم پۈرسەتپەرەسلەر نەزەر غوجىنىڭ ئىلگىرى تاتار زىيالىيلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىمۇ تارتىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ ‹تەييارتاپلار› ناملىق شېئىرىغىمۇ تەنقىدلەر يېزىلىپ، ئۇنىڭغا تار مەزھەپچى، تاقابىلچى، دېگەن ۋە باشقا تامامەن ئاساسسىز تۆھمەتلەر چاپلانغان. ھەتتا ئۇنىڭ ھاياتىمۇ تەھدىتكە ئۇچرىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۇنىڭغا ئىنىسى ئابدۇغوپۇر روزىباقىيېۋ (سولۇن)دىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش توغرۇلۇق ئۇچۇر يەتكۈزگەنىكەن. دەرۋەقە، ئۇ 1929 ـ يىلى ئىلى تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي)، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، نۇر ئىسرائىل... قاتارلىقلار قاتتىق باستۇرۇلغان.

نەزەرغوجا 1929 ـ يىلى كۈزدە خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ماكانلاشقان. بۇ يەردىمۇ ‹غالجات مەھەللىسى› دېگەن بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مالىمانچىلىقلاردا كۆچۈپ كەتكەن غالجاتلىقلار، شۇنداقلا نەزەرغوجىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئولتۇراقلاشقان.

جاغىستاي مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان يېزا ئىدى. بۇ يەردە 1900 ـ يىللاردىلا دىنىي مەكتەپلەر بار بولۇپ، پەنني دەرسلەر قوشۇمچە ئۆتۈلەتتى. 1910 ـ يىلدىن كېيىن قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن مىرزا مۇئەللىم، مىسىردىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنى پۈتكۈزگەن ناسىرھا داموللام، ئەيسا داموللاملار مەسچىت يېنىغا پەنني ۋە دىنىي مەكتەپلەر قۇرغانىدى. نەزەرغوجا بۇ يەردە مۇنتىزىم بىر پەنني مەكتەپنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن بىر پەنني مەكتەپ سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. نەتىجىدە 1933 ـ يىلى «بىرلىك» مەكتىپى سېلىنغان. نەزەر غوجا بۇ مەكتەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ياردەم بېرىپ قالماي، يەنە قازان شەھىرىدىن دەرسلىكلەرنى ئالدۇرۇپ بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار بىر خىل مەكتەپ فورمىسى كىيىپ تەنتەربىيە ئويناشنى يولغا قويغان. 1934 ـ يىلى بىر كۇلۇب سېلىنىپ، ئارتىسلار ئويۇن قويۇپ، يېزا خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇپ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتقان. شۇ مەزگىللەردە، بۇ كۇلۇبتا «خىيالىي تېۋىپ»، «نوزۇگۇم»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «نامەرد باي» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «نوزۇگۇم» بىلەن «نامەرد باي» نى نەزەر غوجا يېزىپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئارتىسلارغا كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرىنىمۇ يېزىپ بەرگەن. ئۇ مەكتەپتىكى بىر ئاممىۋى يىغىلىشتا سەنئەتنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ: «خەلقنىڭ كاللىسىنى ئېچىشتا دورىدىنمۇ كۆرە سەنئەت مۇھىم» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەزەر غوجا يازغان شېئىر ۋە ماقالىلىرىنى «ئالغا»، «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت ـ

ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ، ئېلان قىلدۇرغان. «خۇشتىرخان» ناملىق داستاننى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا «دىلموك تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ چىققان. 1948 ـ ۋە 1949 ـ يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى، غېنى باتۇر قاتارلىقلار نەزەر غوجىنى يوقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، سۆھبەتلەردە بولغان. ئەخمەتجان قاسىمى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەزەر غوجىنى «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەتلىگەن. «1951 ـ يىلى شائىر ئەلقەم ئەختەم، يازغۇچى ماناپ قادىرىلار جاغىستاي يېزىسىغا يەر ئىسلاھات كادىرى بولۇپ چىققاندا، نەزەر غوجا بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم قولىيازمىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.» ①

نەزەر غوجا ھاياتىنىڭ ھەرخىل قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچراپ، ياشانغاندا كېسەلچان بولۇپ قالغان. 1952 ـ يىلى كەچ كۈزدە، كېسىلى قوزغىلىپ دورا ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولغان. ئۆز زامانىسىدىكى يېتىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان ۋە ئازابلانغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى، ئەل جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ مەرىپەتچىنىڭ مېيىتى «بىرلىك» ـ ھازىرقى جاغىستاي يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا خاتا مىللىي سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر كىشىلەرگە قالپاق كىيدۈرۈلدى. ئۇلار بىھۇدە زەربە يېدى، ئەيىبلەندى، باستۇرۇلدى. نەزەرغوجىنىڭ 20 ـ يىللاردىكى تۆھپىسى يوققا چىقىرىلدى. ئۇنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر تەقىپ قىلىندى. ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ. ھەققانىي ئەمگەك ھامان قەدىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى خەلق ئۇنتۇمىدى. بەلكى بۇ ئەسەرلەر ئۇزاق يىللار جەريانىدا خەلق ئىچىدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈرگۈزۈلگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىش يولىغا قويۇلدى. نەزەر غوجىنىڭ مەسىلىسىمۇ قايتىدىن قارىلىپ، ئۇنىڭغا ئىجابىي باھا بېرىلدى ۋە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مەتبۇئاتلاردا سۈرەتلىرى بېسىلدى، ئەسەرلىرى قايتا نەشر قىلىندى. نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1987 ـ يىلى ئالمۇئاتا شەھرىدە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ، «پەرۋاز» مەجمۇئەسىدە مەخسۇس ماقالىلەر بېرىلىپ خاتىرىلەندى، بىر قىسىم ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلدى. 1991 ـ يىلى ئالمۇئاتادىكى «يازغۇچى» نەشرىياتى ئۇنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ 1994 ـ يىلى «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»، 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى»، 2001 ـ يىلى «مىراس»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ژۇرناللار نەزەرغوجىنىڭ سۈرىتى بىلەن تەرجىمىھالى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر بالىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرغان ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر باشلامچىلارنىڭ بىرىدۇر.



## 伊犁古今纪事

奈哉尔和加著粹之、阿里合译

伊犁木为河名，发源于阿拉套间，流入巴尔喀什湖。古时回鹘突厥族聚居于此，开化颇早。当时民众已习农业、贸易、工业

杜赫鲁克·铁木尔于有名回教学者加拉里丁之孙，耳什丁之子鄂布那西耳之手入回教。杜赫鲁克·铁木尔死后，传其次子霍集尔和加，当时哈密及吐鲁番人均皈依回教。霍集尔和加汗发奋为雄，力图振兴，旧日之威势渐复。曾与中国战争，夺战数城，旋战殁，葬于吐鲁番，由其子穆罕默特汗继位。穆罕默特之后，继位者为乌外司汗。其墓即在伊犁，居民称为苏丹乌外司。墓在伊犁东七十里乌拉尔山中，山中有称为苏丹乌外司庄者。王墓以砖筑，据云其母墓在其侧。有公产田房，由土人管理之。回民常往祈祷，甚至谓于朝炎加天方前，须觐苏丹墓者。

提凯斯在伊犁都城库尔加之南，阿克苏库车之北，焉耆吐鲁番之西。阿克苏之山甚高，终年积雪。由伊犁至阿克苏只有一路可通，须出冰达板。十九世纪有名库车之乱，伊犁将军派千人往剿，库车人阻之，不克而还。提凯斯山中兽类众多，每年外人由所猎之兽获得兽皮奇角不可胜数。伊犁河出自提凯斯，原为土耳其人居住地方，山名地名均可为之证明。准噶尔人据此几六百年，孔塔己汗夏日即避暑于此。至于哈萨克黑黑孜，于伊犁称汗后（或稍早），始移居于此。伊犁汗服从俄国后，蒙古人移居阿拉木图，及归中国，复行迁回。从此蒙古哈萨混居。民二十三年伊犁之变反抗共和者，即为蒙古人。最近始有塔兰奇与哈什土耳其人移居，修筑屋宇，开设商店，复有礼拜寺。庄镇渐形发展，文化随之进步，土耳其人之繁荣益无疑也。

（摘自《天山》1934年1卷2期，全文2,700字）

*«ئىلى تارىخى»نىڭ 1934 ـ يىلى خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان قىسمەن مەزمۇنلىرى*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





## نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

نەزەرغوجا يازغان ئەسەرلەرنى يىل تەرتىپى بويىچە ئىككى دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، دەسلەپكى ماقالە ۋە رىساللىرى بولۇپ، 1910 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياندا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ئەسەرلىرى ئاساسەن ئورېنبورگدا چىقىدىغان «شۇرا»، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان. «شۇرا» ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئىملاسى بىلەن تۈركىي تىلىدىكى مىللەتلەرگە ئورتاق يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىگىچە تارقىتىلىپ، ھەرقايسى مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن پەننىي، ئەدەبىي، سىياسىي مەزمۇندىكى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ئىدى. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان ماقالىلەردە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل ـ ئەدەبىيات، مائارىپقا دائىر مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخ سۆزلەنگەن قىزىقارلىق ئەسەرلىرىدىن باشقا، «ئالتە شەھەرگە سەپەر» («شۇرا» نىڭ 1914 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە»، «جام شەھىرى»، «ئاقسۇ»، «ئالتە شەھەر»، «جۇڭغارىيە ۋە ئىنگلىزلار»، «غالجات يېزىسىنىڭ غەم ـ قايغۇدىن كېيىنكى خۇشاللىقى» (1910 ـ يىلى «شۇرا»نىڭ 23 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» («شۇرا»نىڭ 1912 ـ يىلى 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر بار. ئىككىنچىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يازغانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوۋېت دەۋرىدە بولسا ئەدىبنىڭ مول مەزمۇنلۇق ماقالە ئەسەرلىرى يەتتەسۇدىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئورتاق ئۇيغۇر تىلىدا يەتتەسۇدا نەشر قىلىنغان «يەتتىسۇ خەلق مۇخبىرى» (1918 ـ يىلى)، «كۆمەك» (1918 ـ 1919 ـ يىلى)، «ئۇچقۇن» (1920 ـ يىلى)، «ياش ئۇيغۇر» (1922 ـ يىلى)، «بىرىنچى چامدام» (1924 ـ يىلى) قاتارلىق گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋر كەتابخانلىرىنى زوقلاندۇرغان.

نەزەرغوجا 1911 ـ يىلى «تارانچى تۈركلىرى تارىخى» ناملىق رىسالىسىنى يازدى (بۇ رىسالە 1922 ـ يىلى ئالمۇتا شەھرىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ھازىر «نۇزۇگۇم» پوۋېستى بىلەن تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىدىكى لېنىن دارىلفۇنۇنى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا). ئەنە شۇ رىسالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكى، بىراق، بۇ تارىخنىڭ تەتقىق قىلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ توغرا ئېيتىپ بېرەلمەي «مىللىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىسا: «چيەنتۇ»، «قەشقەرلىق»، «تۇرپانلىق»... دەپ نادانلارچە جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، چەت ئەللىكلەر ھەر جايلاردىن كېلىپ، ئالتە شەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان، قومۇل خارابىلىرىنى كولاپ، قېزىۋالغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى يازىدۇ. بىزدىكى مىللىتىنىڭ، ئەجدادىنىڭ تارىخىنى بىلىشكە قىزىقماسلىق ھالىتىنى تۆكتۈپ، ئۆز نەسەبلىرىنى بىلىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دەل شۇ مەقسەتتە ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دەپ ئەدەبىي تەخەللۇس قويۇپ، 1911 ـ يىلدىن باشلاپ شۇ تەخەللۇس بىلەن ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

«تارانچى ① تۈركلىرى تارىخى»نىڭ «يەتتىسۇ تارانچىلىرى» دېگەن قىسمىدا، جۇڭگودا يۈز بەرگەن سۈن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدە پارتلىغان 1911 ـ يىلىدىكى «شىنخەي ئىنقىلابى» بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگودا ئۇزاق زامانلار داۋاملىشىپ كەلگەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى ئالقىشلىغان. لېكىن، ئىنقىلاب مېۋىسىگە مىللەتارىستلار ئىگە بولۇۋېلىپ، خەلق ئاممىسىغا يەنىلا زۇلۇم سالغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. بۇنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭ ئىلى رايونىدا ئىنقىلاب بولغانلىقىنى، ئىلىدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ تەسىرى يەتتە سۇدا قاتتىق داۋالغۇش ھاسىل قىلغانلىقىنى يازغان.

1911 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلى ماقالە ئېلان قىلىپ چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىگە قاتتىق نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللەندۈرگەن. ماقالىدە: مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ بىرلىكتە ئىنقىلاب قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. نەزەر غوجا ئەينى دەۋردىكى ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى تەسىرىدىن مىگلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگوغا تەلپۈنگەنلىكىنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى 1913 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەتتە بولدى. شۇ جەرياندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى 1914 ـ يىلى «بىزنىڭ تۇرمۇش» دېگەن تېما بىلەن ماقالە قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ ماقالىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن نامرات ياشاۋاتقانلىقىنى، خۇراپاتلىققا پېتىپ، زامان تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر قالغانلىقىنى، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ئاتۇشتا مۇسابايوفلارنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىنى، ئومۇمەن، خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرغان. خەلقنى ئويغىتىپ نادانلىق بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئىختىساسلىقلارنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى شەرھلىگەن. خەلقنىڭ نامرات ياشاۋاتقانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىشىنىڭ يولى نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، زالىم، ئالدامچى، مەككار ئىشانلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى خىتاب قىلغان. قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قالاق ئادەتلەرنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، يۇرت ـ ماكانىنى ئاۋات قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى تەكىتلىگەن. بۇ خىل ياخشى ئادەتلەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىشىدا مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلگەنلىكىنى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ 1917 ـ ، 1927 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان «مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى»، «ئىنقىلابچى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن»، «خانتەڭرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجابىي رول ئوينىغان. شائىرنىڭ 20 ـ يىللاردا يازغان شېئىرلىرى سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلاردىن شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىدە تەربىيىلەنگەن، ئەدەبىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر ئەدىبنىڭ قەلەم تەۋرىتىش ئۇسلۇبى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «ئىنقىلابچى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن» ناملىق شېئىرىدا خەلق ئازادلىقى ئەركىنلىكى ئۈچۈن كېتىۋاتقان ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشتىكى ياشلارنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى جان پىدالىق روھىنى ئاددىي، روشەن، جەڭگىۋار مىسرالار ئارقىلىق مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

مەقسىتىمىز ئازادلىقنى بار ئېتىش،
ئىشچى ـ قۇلنى ئازادلىققا يار ئېتىش.
تەييارتاپنى، ھۇرۇنلارنى خار ئېتىش،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق ئاداشلار.
بىزنىڭ ئەمەل ئاشىقلارنىڭ جانانى،
بىزنىڭ ئەمەل ـ ئىنسانلارنىڭ كامالى،
بىزنىڭ ئەمەل ـ مەزلۇملارنىڭ قۇربانى،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق ئاداشلار.

نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى شېئىرىي تىلى پاساھەتلىك، شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىللاردا قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان ياش شائىرلارغا شېئىرىيەت جەھەتتىن، تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى يېڭى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، تىلى ئاممىباب بولۇشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى خاھىشى جەھەتتىن ئىلغار بولۇپ، بەزىلىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

نەزەرغوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ «ياش شائىرلىرىمىز» ناملىق تەقرىز ماقالىسى، «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسى، «نۇزۇگۇم» ناملىق پوۋېستى، «خۇشتىرخان» ناملىق داستانى ۋە باشقا فېليەتون، نەسرلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوشۇلغان غايەت زور تۆھپىدۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر بالىسىنىڭ تەسىرى ھەم يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەنىدى. بۇ ئەسەرلەر ئاشۇ تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرىنى چۈشىنىشىمىز، بىلىشىمىزدە ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمىدى. ئۇيغۇر بالىسى يېزىپ قالدۇرغان ھېكايە، فېليەتون، پوۋېست ھەم شېئىر، رىسالىلىرىنىڭ ۋەقەلىكىدە

www.uyghurkitap.com



شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتى تېپىكلەشتۇرۇلگەنلىكتىن، بۇ ئەسەرلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئىگىلەش، بىلىش ۋە چۈشىنىشتە سۈزۈك ئەينەكلىك رولغا ئىگە.

نەزەر غوجىنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىش بىلەن بىللە، خەنزۇ تىلىغىمۇ خېلى بۇرۇنلا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق تارىخىي ئەسىرى 1934 ـ يىلى «تەڭرىتاغ»نىڭ 1 ـ توم 2 ـ سانىغا 2700 خەتلىك ھەجىم بىلەن بېسىلغان. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى تومى «شىنجاڭ قىسمى»غا بۇ ئەسەردىن ئۈزۈندە ئېلىنغان. ئۈزۈندىدە ئىلىنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر ۋە ھۆكۈمرانلار، ئىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى قىزىقارلىق تونۇشتۇرۇلغان.

## «ئوماق بىلەن ئامراق» ھېكايىسى

نەزەرغوجا سوۋېت ئىتتىپاقى دىيارىدا ياشاپ، ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەس ـ يادى، پىكىر ـ خىيالى ھەرقاچان ئانا يۇرتىغا تەلپۈنگەنىدى. شۇڭا، يازغان ماقالىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ھەتتا ئەسەرلىرىنىڭ پېرسوناژلىرىمۇ ئىلى، تارىم ساھىلىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىر پارچە خەت بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى ھۈسەيىن يۇنۇسقا ئەۋەتىپ، بۇ ھېكايىنى مەتبەئەدە بېسىپ تارقىتىشقا ياردەم بېرىشنى سورىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايە 1921 ـ يىلى غۇلجىدا كۆپ تىراژدا بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئاندىن يەنە 1924 ـ يىلى يەركەنتتىكى «بىرىنچى چامدام» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمى، يەرلىك فېئوداللارنىڭ سىنىپىي زۇلۇمى دەستىدىن سەۋر قاچىسى تولۇپ، تاقىتى پۈتكەن ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ، 1864 ـ يىلى ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەرلىك ھاكىمىيەت بېشىدىكى سۇلتانلار خەلق مەنپەئىتىنى چەتتە قالدۇرۇپ، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ۋە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ، ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ، جەڭگى ـ جېدەللەر قىلغانلىقتىن، ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ساقلاپ قالالمىدى. 1871 ـ يىلى گېنېرال كولپوكوۋسكى قوماندانلىقىدىكى چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئىلى رايونىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ باستۇرۇپ كىرىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

مۇستەملىكىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىلى خەلقى ئانا ۋەتىنى، يۇرت ـ ماكانى، باغۇ ـ بوستان، گۈل ـ گۈلىستان بىلەن پۈركۈنگەن جايلىرىنى كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا تاشلاپ، يەتتىسۇنىڭ قاغجىراپ ياتقان بىپايان چۆللىرىگە، ياركەنت، كەتمەن، چېلەك، ئاقسۇ، نارىن، قاراسۇ، قورام مالباي، ئاقتام قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

نەزەرغوجىنىڭ «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسىدە شىنجاڭ تارىخى سەھىپىسىدە كۆرۈلگەن ئەنە شۇ دەھشەتلىك پاجىئە ئوماق بىلەن ئامراقتىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق بەدىئىي يول بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ھېكايىنىڭ باشلىنىشىدا غۇلجا شەھىرىدىكى ئىجىل ـ ئىناق، خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش ئىچىدە گوياكى ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك، تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك ئىنتايىن راھەت، بەخىرامان، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن ئىككى ئۆسمۈرنىڭ ھاياتى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى ئوماق بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر قىزلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق لاتاپەتلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە تولۇق يېتىلدۈرگەن قىز، شۇڭا ئاپتور ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئوماق غۇلجا شەھىرىدە بىر دېھقاننىڭ سۆيۈملۈك قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىدا بولىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك تولۇن يۈزى، بەرگى قىياقتەك قېشى، ئانار رەڭلىك قىزىل مەڭزى، يۈزىنىڭ ئۈستىدىكى يارىشىملىق مېڭى، مۆل-

دۇرلەپ تۇرغان بوتا كۆزلىرى، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويى، سۇمبۇل يەڭلىغ بۇدۇرە چېچى، پەرى سۈپەت سۆلەتلىك سىنى، ئۆزىگە تارتقۇچ نازۇككىنە جىلۋىلىك قىلىقى ۋە سىلىق سۆزى بىلەن ئامراقنى ئۆزىگە تويۇندۇرغان ھەم كۆيدۈرۈپ، قاش ئېتىپ، كىرپىك قېقىشى بىلەن كۆلۈمسىرەپ قارىشى ئامراقنى مەجنۇن ئەتكەن ئىدى».

ئوماق بىلەن ئامراق بىر يەردە چوڭ بولىدۇ، ئۇلار گۈزەل سەيلىگاھ روشەنباغدىكى رەڭمۇ رەڭ كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن گۈلزارلىقتا ئوينىشىپ يۈرگەندە، ھېسسىيات دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى مۇھەببەت تۇيغۇسى چۇلغىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئامراق يېقىملىق ئاۋازى، شوخ ناخشىسى بىلەن قەلبىدە پەيدا بولغان سۆيگۈ ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئوماقمۇ ئۆزىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئۆز مەيلىگە بويسۇنمايدىغان كۈچ ۋە جۈرئەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ چىن مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىدۇ. «شۇ دەقىقىدىن كېيىن ئامراقنىڭ سائادەتلىك دەۋرى باشلىنىدۇ». ئۇلار ئويناپ-كۈلۈپ، خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ئايلار-يىللارنى ئۆتكۈزىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوماقنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ كۆز تەگكۈدەك گۈزەللەشكەن، ئامراقنى ئۆزىگە تەشنا قىلىدىغان دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئوماقنىڭ دادىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دادىسى ئوماقنى ئىختىيارىي تالا-تۈزگە چىققىلى قويماي، دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىپ، ھويلىنىڭ ئىچىگە سولىۋالىدۇ. غەنىيمەت پۇرسەتلەر بۇرۇقتۇرملىق، ئىنتىلىش، تەقەززالىقتا ئۆتىدۇ. ئامراق ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ قورۇنى ئايلىنىپ سېغىنىش، پىراق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكىدۇ:

گادايلىق كەلدى ئىشىككە،

كىرگىلى ئەيمىنەدۇر.

قولى باغلاقتا تۇرۇپ،

كۆزلىرى تەلمۈرىدۇر.

بۇ ناخشىدا ئامراقنىڭ روھىي ھالىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، تۆۋەندىكى ناخشىدا «قورغان» ئىچىدە ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئوماقنىڭ روھىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن:

كۆرگىلى كەلدىڭلمۇ يار،

كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلمۇ يار.

كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى

ياندۇرغىلى كەلدىڭلمۇ يار.

ئوماق بۇ مۇھەببەتنى ئۆز ھاياتى بىلەن قوغداپ، ئۇنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قەيسەر ئىرادىسى، مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى ئۇنىڭ مۇڭلىنىپ ئېيتقان ھەر بىر ناخشىسىدا شۇنچە ئېنىق، كەسكىن بايان قىلىنىدۇ:

ئارپا-بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،

ئوماق بىلەن ئامرىقنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

روشەنكى، بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق توسالغۇ ئايرىيالمايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق قەتئىي نىيەت بىلەن مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش كويىدا يۈرگەن 1881-يىلى، ئەل ئىچىدە پەرىشانلىق، قالايمىقانچىلىق، خەلقنى مەڭگۈلۈك ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىۋېتىش زوراۋانلىق ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ. چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى ئۇلار تۇرغان جايغا بېسىپ كېلىپ، كىشىلەرنى ئۆز يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يارۇ-بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ يەتتىسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئوماق غۇلجىدا قېلىپ، ئامراق كۆچمەنلەر توپى بىلەن كېتىدۇ. بۇ پاجىئەدىن كېيىن ئوماق زار-زار يىغلاپ شۇنداق ناخشا ئېيتىدۇ:

بۇگۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،

مېھرىبان يار كەتكىلى.

باغقا كىرسەم ئىزى بار،

تالاغا چىقسام شاملى.

مۇھەببەت ئوتىغا گىرىپتار بولغان ئىككى ياشنىڭ ھەسرىتى زېمىننى قاپلايدۇ. ئامراق شۇ كەتكەنچە كېلەلمەيدۇ. چۆل – جەزىرىلەردە يول ئازابى – گۆر ئازابى تارتىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قەھرىتان قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى زەربىسىدە ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. بوران – شۇۋىرغان ئىچىدە ئاپئاق ۋە قېلىن قار قاپلىغان دالىنى بوسۇپ ماڭىدۇ. «ئۇ مىلىك مۇشەققەت ۋە زەخمەتلەرنىڭ ئىچىدە بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، يان – يېنىغا قارىدى. ھېچكىم يوق. يالغۇز خىيالىدا بولغان مەھبۇبى ئوماق كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ‹ئوماق! ئوماق› دېدى –دە، كۆزىنى مەڭگۈ يۇمدى». ئاپتور ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە كونا سەھنىسىدە مۇنداق ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ ئۆتكۈزگەن بۇ ھايات مەيدانى، تەبىئىي ئامراقنىڭ بۇ پاجىئەسىگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي، ئۆز يولىدا داۋام ئەتمەكتە ئىدى». بۇ ھاياتنىڭ بوران – چاپقۇنلىرى ئىچىدە ھالاك بولغان ئامراقنىڭ پاجىئەسى ئەمەس، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە. نەزەرغوجا بىر جۈپ ئۇيغۇر ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك كۈنلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىپ، كىتابخاننى «كۆچ –كۆچ» ھەققىدە روشەن تارىخىي بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالايمىز. ئاپتور يەنە ئاشۇ ئىككى ياشنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىچىگە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ سىڭدۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئەجدادلار پاجىئەسىگە بولغان ئۆكۈنۈش، قايغۇرۇش تۇيغۇسىنى، چاررۇسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈپ، تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ كەلگەن خەلقنى خانىۋەيران قىلغان ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىقىغا، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، تەسلىمچىلىكىگە بولغان قاتتىق نارازىلىقى، قارشىلىقىنى ئىنتايىن تەبىئىي ئىپادىلەپ بەرگەن. ئومۇمەن، نەزەر غوجا «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسىدە، 19 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر پاجىئەلەرنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، جاھانگىرلار ۋە ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئادالەت غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ساپ تۇيغۇسىنى ئىنكاس قىلغان.

**پايدىلانغان ماتېرىيال:**

1. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، ئالمۇتا «جازۇشى» نەشرىياتى 1991 – يىل نەشرى.
2. «غەربىي – شىمال مىللەتلەر دىنى تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا، 1985 – يىل 4 – ئاي.

① ئابدۇللا روزىباقىيوۋ ئەھمەد ئاخۇن ئوغلى 1897 – يىل 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى ۋېرنىي (ئالمۇتا) ئوبلاستىنىڭ كىرىكباي يېزىسىدا ئوتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. موسكۋا سوۋېردىلوۋ كوممۇنىستلار ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. 1917 – يىلى بىرلەشكەن مۇسۇلمان مەدىكارلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، يەرلىك باي، پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. 1918 – يىلى ئۇيغۇر پولكىدا ھەربىي كومىسسار بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە دوتۇۋ باندىتلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. 1918 – يىلى سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى تۇنجى كوممۇنىستلاردىن بولۇپ قالغان. 1920 – يىلى موسكۋانىڭ يوليورۇقى بويىچە موسكۋادىكى خەنزۇ كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشكىلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتقان. 1921 – يىلى دەسلەپتە تاشكەنتتە، كېيىن ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى گېزىتى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە مۇھەررىرى بولغان. 1921 – يىلى يەتتىسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى، تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 1928 – يىلى قىزىل ئوردا ۋىلايەتلىك پارتكوم سېكرېتارى قازاقىستان تەمىنات ھەيئىتى، پاۋلودار ۋىلايەتلىك پارتكوم سېكرېتارى بولغان. 1933 –، 1937 – يىللىرى موسكۋادا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا خىزمەت قىلغان. ك پ س س ئەزاسى بولغان. سولچىل لۇشيەنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ 1938 – يىلى قازا قىلغان. كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ نامىنى ئاقلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە خىزمەت كۆرسەتكەن دۆلەت ئەربابى، دەپ بېكىتتى. يەنە ئۇنىڭ نامىدىكى كوچا، مەكتەپ، باغچىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەيكىلى ئورنىتىلدى.

① پەرھات ئىلياس: «چىن ئېتىقادلىق ئىنسان»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» 2001 – يىللىق 5 – سان.

① «تارانچى» «تېرىمچى»، «ئېكىنچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، كېيىنكى ئىستېماللاردا، ئەزەلدىن تارتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى – «تارانچىلار» دەپ ئاتالغان.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

# كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

ئۈچۈرلارنىڭ كۆپ خىللىشىشى دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى دەل مۇشۇنداق ئۈچۈرلاشقان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ تورلۇق داڭلىق تېلېگراف مۇلازىمەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلمەكتە، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تورلۇق ئۈچۈر بىلەن يېتەكلىمەكتە.

ADSL / LAN كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى: جۇڭگو ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى جاھاننى تۇتاشتۇرىدۇ. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى تەمىنلىگەن ADSL كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتىنىڭ يەتكۈزۈش سۈرئىتى 8Mbps كە يېتىدۇ. تور ئويۇنلىرى، يىراقتىن دەرس بېرىش، سوفتلارنى چۈشۈرۈش تولىمۇ ئوڭاي. ئۇ ئەنئەنىۋى تېلېفون ئارقىلىق نومۇر بېسىپ تورغا چىقىشتىن سۈپەتلىك، سۈرئىتى تېز. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تەمىنلىگەن نۇر كابېلغا بەش تورلۇق تور لىنىيە ئۇسۇلى بويىچە كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈش تېخنىكا پىلانى ئىشلىتىلگەن (LAN كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈلگەن) بولۇپ 1000 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى كىچىك ئولتۇراق رايوندىكى بىنالارغا، 100 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى سېكسىيەلەرگە (كورپۇس) (دەنيۈەن) ئون مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى ئۆستەلگىچە يېتىپ بارالايدۇ.

مۇقىم تېلېفون: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئىدارە ئورۇنلارنى، ئائىلىلەرنى قولاي ھەم تېز بولغان مۇقىم تېلېفون ئورنىتىش، نامنى ئۆزگەرتىش، تىزىملىتىش، سىستېمىلىق باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئابونتلار تېلېفون ئورناتماقچى بولسا، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. نەق مەيداندا مۇناسىۋەتلىك خىراجەتلەرنى تاپشۇرسا، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تېلېفون ئورنىتىلمىسا، 10060 غا تېلېفون قىلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. تېلېفون بېرىپ تېلېفون ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولسا 10060 غا تېلېفون قىلسا، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ.

IP 17969.196 تېلېفون مۇلازىمىتى:

كارخانىلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە دۆلەت ئىچىدىكى رايون ئاتلىغان يانفون ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ كارخانا ۋە ئائىلىلەر ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلىگەن IP 17969 مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. بۇ مۇلازىمەت ئابونتلارنى قولاي، ئەرزان ئېنىق IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ 196 مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئابونتلارنى تىزىملاتقان تېلېفونى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ (بۇنداق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەلگىلىمە بويىچە ئەرزان). ئابونتلار ۋاڭ تۇڭنىڭ كەسپىي ۋاكالەتچىلىرى ياكى بىۋاستە كەسپىي خادىملىرى ئارقىلىق تېلېفون ئورناتسا، تىزىملاتسا بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئابونتلار مۇلازىمەت تېلېفونى 10060 غا تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

IP 17968 كارتىسى تۈرىدىكى مۇلازىمەتلەر: ئابونتلار IP 17968 كارتىسىنى سېتىۋېلىپ، مۇقىم تېلېفوندا ياكى يانفوندا IP ئۇسۇلى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ. ئابونتلار 17968 نى، ھېساب نومۇرىنى، مەخپىي نومۇرىنى كىرگۈزۈپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

ئاممىۋى تېلېفون: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە قولايلىق ھەم تېز بولغان ئاممىۋى تېلېفون ئورنىتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى.

تېلېفونخانىلار: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە نۇرغۇن تېلېفونخانىلارنى ئاچتى. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى سېپىگە قوشۇلۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

16900 تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى

شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئابونتلارنى كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت يەنە كىرىش رەقىمى 16900 بولغان تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئابونتلارنى مول مەزمۇنلۇق ئۈچۈر سۈپىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق چەكسىز ئۈچۈر دەۋرىگە بىرلىكتە قەدەم تاشلىغۇسى.






نادەمنىڭ ئالدى گۈل كەينى تىكەن





كىچىك جانباز



تېمىسىز



بەگگە




2006.5


كۆڭۈل ھوزۇرى ـ جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى دۇنيانى قاپلىغان
10060: جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلدۇ، جۇڭگو
تورخەۋەرلىشىشى بىلەن ئابونتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە
Beijing 2008
CNC
中国网通
بېيجىڭ 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى
北京2008奥运会合作伙伴
10060 ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرى تور خەۋەرلىشىش ئابونتلىرىغا ئۆز جايىدىكى تور دائىرىسىدە تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، بازار پۈرسىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەھنىسى.
مۇلازىمەت تۈرلىرىمىز:
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
• كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىمىز
• ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىمىز
• توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىمىز
• بازار پۈرسىتى بىلەن تەمىنلەيمىز
• كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىمىز
جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى
中国网络通信集团公司新疆维吾尔自治区分公司

# كۆكنۇر پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ سوۋغىسى

## 科科努儿科技




ئۈرۈمچى كۆكنۇر يۇقىرى پەن ـ تېخنىك ئېچىش ھەسسىدارلىق شىركىتى

乌鲁木齐科科努儿高科技开发有限公司

شىركەت ئادرېسى : خەلقئارا چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسى    ئالاقىلىشىش تېلېفونى : 0991-8 0911,8569862

http:www.koknur.net    e–mail:koknur.net@qq.com